هەم دائیمی عەسکەر — موندی دەولەت ماشیناسینىڭ ئیكزور حسوسییەتنتە شكیل ئیتەلەر. بو مۇئەسسەسەلەرنىڭ تولی جبلەر بلەن بورژوواعا باعلانعانلقلاری حاقندا ماركس هەم ئەنگیلس ئەسەرلەرندە كوب مەرتەبەلەر سویلەنە. بو باعلانشی هەر بر ئشچینىڭ ئوز تەجریبەسندە بیك آچق كورنە. ئشچیلەر سینفی بو باعلانشنی ئوز جیلكەسندە تاتب ئویرەنە. شونىڭ ئوچن دە اول بو باعلانشنىڭ هەر واقت بولوون تیز هەم نق توشۇنە. واق بورژووا دیماكراتییەسی ئیسە، آنىڭ بارلعن جیكلگنە، رەد قیلا، یەئیسە، بیگرەكدە جیكل آقل بلەن، تییشلی عەمەلی نەتیجە چعارونی اونوتوب، آنی «عومومی» رەوشدەگنە تانی.

تورەلەر هەم دائیمی عەسكەر بولار- بورژووا جەمعییە تندەگی سوری قورت (پارازیت)لار. بو سوری قورتلار جەمیعییەتنىڭ ئوز ئچندەگی قارشیلقلاری نەتیجەسندە تووب، آنىڭ تۇرمش یوللارن بووالار، حەزرگی واقتداعی رەسمی ساتسییال - دیماكراتییەدە حۇكوم سورگەن كاوتسكی آپپار- تونیزمی دەولەتكە سۇری قورت دیب قاراونی باری آنارحیزمگەگنە «مەحسوس» قاراش دیب حیسابلی. بیلگیلی، ماركسیزمنی بو رەوشدە بۇزو ساتسیالیزمنی «واتان ساقلاو» دیگەن بولوب ئیمپیریالیزم سوعشن دۇرستلەو حورلعینا ئیرشدرگەن میشچەنلەرگە سۇك دەرەجەدە فایدالی؛ شولای بولسادا اول، شوبهەسز، ماركسیزمنی بۇزو.

فییادالیزم یعلعاندان بیرلی یاوروپادا كورلگەن ئیسەبسز — سانسز كوب بورژۇوا ریۋالیوتسییەلەری بو چیناۋنیك — عەسكەر آپپاراتن تەرەقق ئیتدردیلەر، موكەممەللەشدردیلەر هەم نعتدیلار. بو آپپارات آرقلی واق بورژووا ئری بورژووا یاعینا بر قەدەر تارتیلا هەم شـوشی اوق آپپارات آرقلی آنىڭ زورعنا ئولوشی ئری بورژوواعا باش ئیدریلە. چونكی بو آپپارات كریستییەن، واق هۇنەرچی، واق سەودەگەر هەم شوكا اوحشاشلی واق بورژووانىڭ یوعاری قاتلاولارینا اوكعایعنا، تنچقنا هەم دەرەجەلگینە اورن بیرە. 1917 — نچی یلنىڭ 27 — نچی فیۋرالندان سوڭ، یارتی یل ئچندە روسییەدە نەرسەلەر بولعانن حەترلەگز: ئلگكی واقتدا كوبرەك قارا

گروهلارغا بیرله تورغان توره‌لك اورنلاری کادیت، مینشیویك هه‌م
ئه‌سئه‌رله‌رنڭ تابش کیتره تورغان اورنلاری بولوب ئه‌ورلدیلر. آلار بوتن
ئیسلاحاتنی «اوچیریدیتلنی سابرانییا»غا قالدرریغا ترشوب، اول توردا
أوتلامادیلاردا. اوچریدیتلنی سابرانییانی جییونی ئیسه، ئه‌کرنله‌ب سوعش
بتکه‌نگه قه‌ده‌ر سوزارغا ترشدیلار. اولجانی بولونی، مینیستر، مینیستر
یارده‌مچیسی، گینیرال ـ گوبیرناتور هه‌م باشقا شوندی جلی اورنلارنی
ئوز قوللارینا له‌کتروونی ئیسه، کیچکدرمه‌دیله‌ر؛ مونڭ ئوچن اوچریدیتلنی
سابرانییانی‌دا کوتمه‌دیله‌ر! حۆکومه‌ت ساستافی حاقنداغی کامبیناتسییه
اوینی دۆرستنده بوتن مه‌مله‌که‌تده، مه‌رکه‌ز هه‌م جیرلی ئیداره‌له‌رده،
ئیڭ یوعاریدان‌آلب ئیڭ توبه‌نگه‌چاقلی، مۆنا شول «اولجا»نی بواڵ‌هه‌م‌یاڭادان
بولوده‌ن عیبـاره‌ت ئیدی. یه‌کون (1917نچی یلنڭ 27 فیۋرالدان
27 نچی آۋعوستینا قه‌ده‌ری بولعان واقتنڭ یه‌کونی) آچق: ریفورمالار
کیچکدرلدی، چیناۋنیکلك ئورنلاری ئوز آرا بولندی. بولشکه‌ن واقتداعی
«حاتالار» برنیچه مه‌رته‌به‌لر بولعان یاڭادان بولشوله‌ر بله‌ن توزه‌تلدی.

لاکین، بو چیناۋنیکله‌ر آپپاراتن «یاڭادان بولوله‌ر» تورلی بورژووا
هه‌م واق بورژووا پارتییه‌له‌ری آراسندا نی چاقلی کوب ته‌کرارلانسالار،
پرولیتاریاتقا، آنڭ بورژووا جه‌معییه‌تینه بولعان کیلشه آلماسلق دوشمانلغی‌دا
شول چاقلی آچق کورنه. مونا شونڭ ئوچن‌ده هه‌ر بر بورژووا پارتییه‌له‌رینه،
حه‌تتا آلارنڭ ئیڭ‌دیموکرات هه‌م «ریۋالیوتسییه‌چی دیماکرات»پارتییه‌له‌رینه‌ده
ریۋالیوتسییه‌چی پرولیتاریاتنی قسونی کوچه‌یتو، قسو آپپاراتن، یه‌عنی شول‌اوق
ده‌وله‌ت ماشیناسن نعتو کیره‌ك. ئشله‌رنڭ شوشلای بارووی ریۋالیوتسییه‌نی
ده‌وله‌ت حاکیمییه‌تینه قارشی ئوزینڭ «بوتن جیمرو کۆچله‌رن جینارغا»
ده‌وله‌ت ماشیناسینڭ یاحشروون توگل، به‌لکی آنی جیمرونی، بترونی مه‌قسود
ئیتب قویارغا مه‌جبور ئیته.

مه‌نتیقی مۆحاکه‌مه‌لر توگل، به‌لکی واقیعه‌له‌رنڭ چن ئوسشله‌ری،
1848 - 1851 نچی یللارنڭ جانلی ته‌جریبه‌له‌ری شوشی مه‌قسودنی آلورغا

مەجبور ئيتديلەر. ماركس تاريخى تەجريبەلەرگە شول قدەر نق توتوناء حەتتا اول بونى، ئەلى 1852 نچى يلدادا جيمرلورگە تييشلى دەوت ماشيناسى نەرسە بلەن آلماشدرلورغا تييشلك مەسئەلەسن آچق ئيتب كيسب قويى. چونكى، اول واقتدا، تەجريبە آندى مەسئەلە ئوچن كيرەكلى ماتيرييالنى بيرمەگەن ئيدى ئەلى. اول مەسئەلە كون تەرتيبينە سوڭراق، 1871 نچى يلداعنا تاربىح تارافندان قويلدى. 1852 نچى يلداعنا، تاريحى كوزەتو نەتيجەسندە لگنە پروليتارييات ريۋاليوتسييەسينڭ دەولەت ماشيناسينا قارشى «بوتن جيمرو كوچلەرن جيناو»، دەولەت ماشيناسن «واتو» مەقسودينا ياقنلاشقانن آچق ئيتب بيلگيلەرگە مومكين بولدى.

بو اورندا شوندى سوآل باشقا كيلورگە مومكين :1846-1851 نچى يللارداعى 3 يللق فرانسييە ريۋاليوتسييەسى تەجريبەلەرن، اول تورداعى نيكشرنو هەم چعارلعان نەتيجەلەرنى عوموميلەشدرو دورست ئوك بولوب بتەر ميكەن؟ بو مەسئەلەنى تيكشرو ئوچن ئيڭ ئەلك ئەنگيلسنڭ بر ئيسكەرمەسن حەترگە توشرەبز، ئەآندان سوڭ فاكتلارعا كوچەبز. «18 نچى بريومير» ئيسملى كيتابينڭ 3 باسماسينڭ باشلانعچندا ئەنگيلس شول سوزلەرنى يازا:

«سينفلارنڭ تاريحى كورەشى، باشقا مەملەكەتلەرگە قاراعاندا، فرانسييەدە هەر مەرتەبەسندە ئوزينڭ قەتعى چيگينە ئيرشە كيلدى. ئوز گەرب تورا تورعان سەياسى فورمالار فرانسييەدە آچعراق ئشلەنديلەر. مونە شول سەياسى فورمالار ئچندە سينفى كورەش دەوام ئيتدى هەم شوندوق ئول كورەش نەتيجەلەريدە بيلگولەنديلەر. ئورتا عەسرلاردا فيئوداليزمنڭ مەركەزى، رينيسانس زاماننداَن آلب بركنە تورلى ساسلاۋييە مانارحييەسينڭ ئورنەك مەملەكەتى بولعان فرانسييە بويوك ريۋالوتسييە وقتندا فيئوداليزمنى جيمردى هەم بر ياوروپا مەملەكەتندەدە كورلمەگەن رەوشدە ساف بورژووا حاكيمييەتى توزودى. شولايوق فرانسييەدە بورژووازييەنڭ حاكيمييەت سوراووينا قارشى باش-

کوته‌رگه‌ن پرولیتارییات کوره‌شی‌ده باشقا مه‌ملکه‌تله‌رده کورلمه‌گه‌ن ره‌وشده آچق توس آلا.» (1907 نچی یلعی باسماسینڭ 4 نچی بیتی)

فرانسییه‌ده پرولیتارییات کوره‌شینڭ آچق توس آلووی توغریسیداعی ئه‌نگیلس‌نڭ سوڭعی سوزله‌ری، 1878 نچی یلدان آلب فرانسوز پرولیتاریاتینڭ ریۋالیوتسییه کوره‌شنده توقتالو بولو سه‌به‌بلی ئیسکردی. شونڭ بله‌ن برگه بو توقتالو نی چاقلیعنا ئوزون بولسادا، فرانسییه‌نڭ کیله‌چه‌کده‌گی پرولیتارییات ریۋالیوتسییه‌سنده سینفلار کوره‌شن قه‌تعی چیکینه قه‌ده‌رلی ئیرشدره تورعان کلاسسیك بر مه‌ملکه‌ت بولوون بترمی.

ئیندی XIX نچی عه‌سر آخرندا هه‌م XX نچی عه‌سر باشنداعی آلدنعی مه‌ملکه‌تله‌ر تاریحینا عومومی ره‌وشده بر کوز سالساق: بر یاقدان جومهوری ئیداره بولعان مه‌ملکه‌تله‌رده‌ده (فرانسییه، آمیریکا، شۋیتسارییه کبك)، شولا یوق مانارحییه‌لی مه‌ملکه‌تله‌رده‌ده (آنگلییه، بیلگیلی باسقچقا قه‌ده‌ر گیرمانییه، ئیتالییه، ئسکاندیناۋییه مه‌ملکه‌تله‌ری هه‌م باشقالار کبك) «پارلامینتاریزم حاکیمییه‌تینڭ» ئشله‌نو باریشی: ئیکنچی یاقدان، بورژووا ئیداره‌سی توزولشینڭ ئه‌ساسلاری بوزولماو شارتی بله‌ن چینا ۋنیکلك اورنلاری «اولجاسن» بولگه‌ن هه‌م یاڭادان بولگه‌ن تورلی بورژووا هه‌م واق بورژووا پارتییه‌له‌رینڭ حاکیمییه‌ت ئوچن کوره‌شو باروشی نیهایه‌ت، «باشقارو حاکیمییه‌تینڭ»، آنڭ چیناۋنیکلار هه‌م عه‌سکه‌ر آپپاراتینڭ موکه‌ممه‌لله‌شو هه‌م نعایو باروشی ئه‌کرنره‌ك، کوب توردده‌ره‌ك زورراق مه‌یداندا بولعانن کوره‌بز.

بو حالنڭ کاپیتالیزم ده‌وله‌تله‌رنده‌گی ئیڭ یاڭا ئیۋالیوتسییه‌له‌رنڭ بوتنسینڭ اورتاق سیفاتی ئیکه‌نلگنده شوبهه یوق. بارلق کاپیتال دونیاسینا مه‌حسوس بولعان شول اوق ته‌ره‌ققی باروشلارن اوچ یل ئچنده (1848-1851) فرانسییه تیز، آچق هه‌م مه‌رکه‌زله‌شدرلگه‌ن ره‌وشده کورسه‌تدی.

بیگره‌کده ئیمپیریالیزم، بانك کاپیتالی، زور کاپیتاللار مانapولییه‌له‌ری. ماناپولییه کاپیتالیزمینڭ ده‌وله‌ت ماناپولییه کاپیتالیزمی بولوب ئوسووی

چۇرلارى «دەولەت ماشيناسى» نڭ عادەتدەن تش كۇچەيوون هەم مـانارحيىەلى مەملەكەتلەردە، شولايوق ئيڭ ئيركلى جۇمهوريىەتلى مەملەكەتلەردە پروليتاريياتنى قسو كۇچەيو بلەن برگە چيناۋنيكلار هەم ئەسكەر آپپاراتينڭ كورلمەگەن دەرەجەدە زورايوون كورسەتە.

حەزرندە بۇتن دونيا تاريحى، هيچ شيكسز، 1852 نچى يلداعى بلەن چاعشدرماسلق دەرەجەدە كيڭ كولەمدە، «دەولەت ماشيناسن» جيمرو ئۇچن پروليتارييات رێۋاليوتسييەسينڭ «بارلق كۇچلەرن مەركەزلەشدرو» گە تابا يا قنلاشدرا تۇشە.

جيمرلـگەن دەولەت ماشيناسن پروليتاريياتنڭ نەرسە بلەن آلماشدراچاعى توردا پاريژ كاممونەسى زور ساباق بولورلق ماتيرييال بيردى.

3· مەسئەلەنڭ 1852نچى يلدا ماركس تارافندان قويلشى.

1907نچى يلنى ميرينـگ (Nlue Zeit) ژورنالندا (XXV، 2، 164) ماركس نڭ 1852 نچى يلنڭ 5 نچى مارتندا ۋەيدەمەييرگە يازعان حاتندان جۇملەلەر آلب باسب چعاردى. بو حاتدا عەجەب ياحشى شول مۇحاكەمە بار:

«ئە ئيندى ميكا كيلگەندە، حەزرگى جەمعييەتدە سينفلارنڭ بولوونـدا، آلار آراسندا كۇرەش باروونـدا تابومينم تارافدان ئشلەنـگەن ئش توگل. بورژووا تاريحچيلارى ميكا قەدەر ئوك، ئەللە قايچان سينفلار كۇرەشينڭ تاريحى ئوسشن، بورژووا ئيقتيسادچيلارى ئيسە، سينفلارنڭ آناتومييەسن يازعانلار ئيدى ئيندى. مينم تارافدان ئشلەنـگەن يـاڭـالق توبەندەگيلەرنى ئيسبات ئيتوگنە بولدى: 1) سينفلارنڭ يەشەوى ئەيبر جيتشدرونڭ تەرەققيسينە حاس بولعان بيلـگيلى تاريحى سوعشلار بلەنگنە باعلى؛ 2) سينفى كۇرەش چاراسز رەوشدە پروليتارييات ديكتاتوراسينا كيترب جيتكرە؛ 3) بو ديكتاتورا ئوزى

بارلق سينفلارنى بتروگە هەم سينفسز جەمعييەتكە ئيرشوگە، بارى، كوچو چۆريعنا بولا. . .»

بو سوزلەرى بلەن ماركس، بردەن، ئوز تەعليماتى بلەن آلدنعى هەم ئيڭ زور بورژووا عاليملارى تەعليماتى آراسنداعى مۆهيم هەم ئەساسى آيرمانى؛ ئيكنچيدەن، ئوزيڭ دەولەت حاقنداعى تەعليماتيڭ ئەساسن آچق ئيتب آڭلاتا آلدى.

ماركس تەعليماتندا ئيڭ ئەساسى نۆقتا — سينفى كۆرەش. شولاى ديب بيك كوب سۆيليلەر هەم يازالاردا. لاكين بو دۆرست توگل. شوشى دۆرست توگللەكدەن كوب واقتدا ماركسيزمنى آپپارتونيستلارچا بۆزو، بورژوواعا قابول ئيتلرلك رەوشدە آنڭ يالعانن ئشلەو (подделка) كيلۆب چعا. چونكى سينفى كۆرەش تەعليماتى ماركس تارافندان توگل، بەلكى ماركسقا چاقلى اوق بورژووا تارافندان چعارلعان هەم عۆمومەن ئەيتكەندە، اول بورژووا ئۆچن قابول ئيتلرلك تەعليماتدا. سينفلار كۆرەشن تانو بلەنگنە كشى ماركسيست بولوب بتە آلمى ئەلى، آندى كشينڭ بورژويلارچا اويلاوچيلقدان هەم بورژووا سەياسەتندەن چعا آلمى قالووى بيك مۆمكين. ماركسيزمنى سينفلار كۆرەشى بلەنگنە چيكلەو — آنى قرقو، بۆزو هەم بورژوواعا قابول ئيتلرلك حەلگە كيترو ديگەن سوز. سينفلار كۆرەشن تانونى پروليتارييات ديكتاتوراسن تانوعا قەدەر جيتكرگەن كشيگنە ماركسيست، ماركسيستنڭ عادى، واق (شولايوق ئرى دە) بورژوواداان ئيڭ نق آيرماسىدا شوشى. ماركسيزمنى دۆروست آڭلاو هەم تانونى شوشندا سناب قارارعا كيرەك. شونڭ ئۆچن دە، ياۋروپا تاريحى ئشچيلەر سينفن عەمەلى ياقدان بو مەسئەلەگە كيترۆب ئيرشدرگەن چاقدا، آپپارتونيست هەم ريفارميستلارعنا توگل، حەتتا بارلق «كاوتسكيچيلار» (ريفارميزم بلەن ماركسيزم آراسندا آوما قايلانوچيلار) دا پروليتارييات ديكتاتوراسن تانوماوچى قزعانچ فيليستر هەم واق بورژووا ديماكراتلارى بولۆب قالديلار. 1918 نچى يلنڭ آۋعوستنداعنا، يەعنى

شوشى كيتابنڭ برنچى باسماسى چققاندان سوڭ كوب ۏاقت تۆتكەچكنە چققان «پرولىتارييات دىكتاتوراسى» ئيسملى كاوتسكى براشوراسى ماركسيزمنى ميشچە-نلەرچە بۇزوعا هەم رىياالانب، سوزدە تانوب، ئشدە آكاردان ئۆياتسز رەوشدە قاچوعا ئورنەك بولا آلا. (ميننم «پرولىتارييات رىۋاليوتسييەسى هەم رىنيگات كاوتسكى» ئيسملى كيتابمنى قارا. مەسكەو هەم پيتر، 1918 نچى يل).

باشندا ئلكگى ماركسيست كاوتسكى تۆرعان حەزرگى زامان آپپارتونيزمى نەق ماركس كورسەتكەن بورژووا آپپازيتسييەسينە تورى كيلە. چۆنكى بو آپپارتونيزم سينفى كۆرەشنى تانونى بورژووا مۆناسەبەتلەرى بلەنگنە چيكلى (بورژووا مۆناسەبەتلەرى دائيرەسندە ئيسە، هيچ بر زيياللى ليبيرال سينفى كۆرەشنى «ئەساسەن» تانوعا قارشى كيلمى!). آپپارتونيزم سينفى كۆرەشنى تانونى ئيڭ مۆهيم نۆقتاعا، كاپيتاليزمدان كاممونيزمگە كۆچوچورينا، بورژوۋانى جعوهەم آنى بترو چۆريناكيترب جيتكرمى. ئەدۆرستندە ئيسە، بو چۆر سينفلار كۆرەشينڭ ئيڭ قاتى چۆرى هەم ئيڭ ئوتكن رەوشى بولا. شو ۋاكورەدە، بو چۆرداعى دەولەتدە، ئەلبەتتە، ياڭا ديماكراتييە (پرولىتارييات هەم يارليلار ئۆچن) هەم ياڭا دىكتاتورا دەولەتى (بورژوواعا قارشى) بولۆرعا تييش.

بر سينف دىكتاتوراسينڭ هەر بر سينفى جەمعييەتلەر هەم بورژووانى جققان پرولىتارييات ئۆچنگنە توگل، بەلكى كاپيتاليزمنى «سينفسز جەمعييەتدەن»، كاممونيزمدان آيرعان بۆتن بر تاريحى چۆر ئۆچن كيرەكلگن آڭلاوچيلارعنا ماركسنڭ دەولەت توغرداعى تەعليماتينڭ چنن بلگەن بولۆرلار. بورژووا دەولەتلەرينڭ فورمالارى (رەوشلەرى) بيك كوب تۆرلى بولالار. لاكين آلارنڭ نيگزلەرى بر: بو دەولەتلەرنڭ بۆتۆنسى، نيچكنە بولماسنلار، آقتق چيكدە بورژووا دىكتاتوراسينا قايتب قالالار. بيلگيلى، كاپيتاليزمدان كاممونيزمگە كوچوب كوب تۆرلى سەياسى فورمالار بيرەچەك، لاكين نيگزبر گنە، اولدا: پرولىتارييات دىكتاتوراسيعنا بولاچاق.

ئۈچنچى باب.

دەولەت هەم ريۋاليوتسىيە. 1871 نچى يلداعى پاريژ كاممۇناسى تەجريبەسى. ماركسنڭ تەحليلى (آناليزى).

I. كاممۇنارلار تلەگينڭ قەهارمانلعى نەرسەدە؟

كاممۇنادان بر نيچە آيلار ئلك، 1870 نچى يلنڭ كۈزندە، ماركس حۇكومەتنى تۈشررگە ئمتلونڭ سابرسزلق بلەن ئشلەنگەن بر آحماقلق بولاچاعن ئيسبات ئيتب، پاريژ ئشچيلەرن بو ئمتلودان تييلرعا ئۈندەگەن ئيدى. بو بزگە مەعلوم. لاكين، 1871 نچى يلنڭ مارتندا، ئشچيلەرگە قەتعى سوعش كوچلەب تاعلعاچ هەم ئشچيلەر تارافندان اول سوعش قابول ئيتلگەچ، ئشچيلەرنڭ ۋازستانييەسى واقيع بر حال بولۋب ئەورلگەچ، ريۋاليوتسييەنڭ ناچار عەلەمەتلەرينە قاراماسدان، ماركس آنى زور شادلق بلەن تەبريكلەب قارشى آلدى. 1905 نچى يلنڭ نويابرندە ئشچى — كريستييەنلەر كۈرەشن ياقلاب يازعان، ئە شول ئوق يلنڭ ديكەبرندە ليبيراللارچا: «قورالعا تۈتنرعا كيرەكمەس ئيدى!» ديب قچقرعان ماركسيزمنڭ مەشهور روس رينيگاتى پليحانوف كبك ماركس بو «واقتسز» قوزعالشقا قارشيلق كورسەتمەدى.

ماركس كاممۇنارلارنڭ «هاواعا هۇجوملەرى» (ئوز تەعبيرنچە) بلەن شادلانبقنا قالمادى، بەلكى اول هۇجومدە، گەرچە مەقسادقا ئيرشمەسەدە، ريۋاليوتسييەچى كوبچيلك قوزعالشندا زور ئەهەمييەتنى بولعان تاريحى

تەجرىبەنى، بۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتى رېۋالىيوتسىيەسىنىڭ بېلگىلى برعەمەلى ئادۇم ئالعا ئاتلاوون كوردى وە ئانى تۆرلى مۇحاكەمەلەردەن ئارتعراق دېب تابدى. ماركس بو تەجرىبەنى تەحلىل قىلونى، ئانىردان تاكتىكا ساباقلارى چعارونى هەم شوشى تەجرىبەگە تايانب ئۆز نەزەرىيەسىن ياڭادان قاراونى مەقسەد ئېتب قويدى.

«كاممونىستلار مانىفيستىنا» كىرەكلى دېب تابقان بردەنبر «تۆزەتوون» ماركس پارىژ كاممونارلارىنىڭ رېۋالىيوتسىيە تەجرىبەسىنە تايانب ياسادى.

«كاممونىستلار مانىفيستى»نىڭ نېمسچە ياڭا باسماسىنداعى سوگعى موقەددىمەسى 1872 يل 24 ئىيونده ماركس هەم ئەنگېلس تارافىندان ئىمزا قىلنعان. بو موقەددىمەدە كارل ماركس هەم فرىدرىح ئەنگېلس، «كاممونىستلار مانىفيستى» پروگرامماسىنىڭ بەعزى اورنلارى ئېسكرگەنلكنى بلدرۈب، ئەيتەلەر:

«... ئىشچى سىنفنىڭ ئەزر دەولەت ماشىناسن شول كويگە گنە ئالا هەم ئانى ئۆز مەقسەدلەرى ئۆچن حودقا جىبەرە ئالماون «پارىژ كامموناسى بېگرەك ئاچق رەوشدە كورسەتدى»...

بو جۈملەدەگى برنچى كاۋىچكالار ئچىنە ئالنعان سوزلەرنى يازوچىلار ماركسنىڭ «فرانسىيەدە گراژدانلار سوعشى» دېگەن ئەسەرندەن ئالعانلار.

ماركس هەم ئەنگېلس پارىژ كامموناسىنىڭ ئەهەمىيەتلى، تۆب بو ساباعن زور بر ئەهەمىيەتكە مالىك دېب حىسابلاعانلار. شوڭا كورە ئانى موهىم تۆزەتمە رەوشندە «كاممونىستلار مانىفيستىنا» دا كرتكەنلەر.

بو تۆب تۆزەتمەنىڭ ئاپپارتونىستلار تارافندان بۆزلووى بېگرەكدە نق كوزگە بەريلە هەم اول تۆزەتمەنىڭ مەعناسن «كاممونىستلار مانىفيستن» ئوقوچىلاردان يۈزدەن توقسان توعزى بولماسادا، مەحەتلى اوندان توعزى بلمى تورعاندر. بو بۆزوعا بز توبەندە، بۆزو توررنداعى ئايرم بابدا كېڭرەك توقتالۇربز. بز، ئەلىگە، يوعاريدا كېترلگەن ماركس سوزلەرىنىڭ

کوبچیلك تارافندان نیچك آڭلانوون قسقاچاعنا ئەیتب کیتو بلەن قەنەعەتلەنەیز. آلارچا، گویا مارکس، اول سوزلەری بلەن، حاکیمییەتنی هەم باشقاشن آلاسی اورنعا تەدریجی تەرەققی ئیدییەسن آلعا سوره.

دۇرستندە بو، — بۇتنلەی مۇنڭ کیرسی. مارکس فیکرنچە، ئشچی سینف «ئەزر دەولەت ماشیناسن» شول کۆیگە قولعا آلو بلەنگنە قەنەعەتلەنمەسدەن، آنی واتارعا، جیمررگە تییش.

1871 نچی یلنڭ 12 آپریلندە، نەق کاممونا یەشەگەن واقتدا، مارکس کوگیلمانعا شوشی سوزلەرنی یازا:

«... ئەگەردە سین مینم «18 نچی بریومیر» ئیسملی کیتابمنڭ سوڭعی بابن قاراساڭ، آڭلارسڭ، مین آندا شونی ئیعلان ئیتدم: فرانسوز ریڤالیوتسییەسینڭ ئمتلشندا موڭا چاقلی بولعانداعی کبك بیوراکرات — عەسکەر ماشیناسی بر قولدان ئیکنچیسینە بیرلمەسن، اول سندرلسن. آسل قیتعەدە (کانتینینتدە) هەر بر چن حالق ریڤالیوتسییەسینڭ ئیڭ برنچی شارتی مۇنا شوندان تۇرا. قەهرمان پاریژلی ئیپدەشلەریبزنڭ ئمتلشلاریدا شوشی ئیدی».

مارکس شوشی: «بیوراکرات — عەسکەری دەولەت ماشیناسی سندرلسن» دیگەن سوزلەری بلەن ریڤالیوتسییە واقتندا پرولیتاریاتنڭ دەولەتکە مۇناسەبەتی نیچك بولورعا تییشلك مەسئەلەسی، مارکسیزمنڭ دەولەت تورنداعی ئیڭ زور ساباعی قسقاچاعنا ئەیتلە. مۇنابو ساباق مارکسیزمنی کاوتسکیچیلەرچە «تەفسیرلەوچیلەر» تارافندان بۇتنلەیگە اونوتلوعنا توگل، توریدان — توریعا بۇزلعاندا!

مارکسنڭ «18 نچی بریومیر» ندان سوزلەر آلوعا کیلگەندە ئیسە، آنڭ کیرەکلی جیرلەرن تولی کیلش یوعاریدا کیتردك.

یوعاریدا کیترلگەن مارکس مۇحاکەمەسینڭ ئیکی اورنن آیروچا کورسەتب کیتەرگە کیرەك. برنچیدەن، اول ئوزینڭ چعارعان نەتیجەسن کانتینینت بلەن چیکلی. آنگلییە، عەسکەریلك (военщина) هەم بۇتنلەیگە

بولماسادا بيوراكراتيزمدان ساف كاپيتال مەملەكەتينىڭ ئۆرنەگى بولغان چاغندا، 1871 نچى يلدا بو بيك آچق ئيدى. شونڭ ئۈچنده آندا «ئەزر دەولەت ماشيناسن» جيرميچە ئوك، ريۋاليوتسييە، حەتتا حالق ريۋاليوتسييەسى ياساو مۆمكين كبك كۆرنگەن هەم اول واقتدا مۆمكينده بولغان آنگلييەنى ماركس كرتمەدى.

حەزر، 1917 نچى يلدا، ئيمپيرياليستلارنڭ برنچى بۆيوك سوغشى چۆرندا، ماركسنڭ بو چيكلەوى ئوز كۆچن يوغالتدى. چونكى عەسكەرلك هەم بيوراكراتيزم يوقلق ياغندان آنگلو — ساكسون «ئيركى»نڭ جير يوزندەگى ئيڭ زور هەم ئيڭ سوڭغى وەكيللەرى بولغان آنگلييە هەم آميريكادا عۆمومى ياۋروپاداغى كبك باريسن ئوزنە باش ئيدرە هەم بۆتنسن باستراتۆرغان بيوراكرات — عەسكەرى مۆئەسسەسەلەرنڭ پچراق قان سازيغا باتديلار. ئيندى، آنگلييەدەدە، آميريكادادا «چن حالق ريۋاليوتسييەسينڭ برنچى شارتى» «ياۋروپانڭ». عۆمومى ئيمپيرياليزمى مۆكەممەللگينە قەدەر (1914-1918 نچى يللاردا) ئەزرلەنگەن دەولەت ماشيناسن، وانو، جيمرودر.

ئيكنچيدەن، ماركسنڭ: بيوراكرات — عەسكەرى دەولەت ماشيناسن وانو «هەر بر چن حالق ريۋاليوتسييەسينڭ برنچى شارتى» ديب ئەيتب كيتووى آيروچا ئەهەمييەتلى. ماركس آوزندان بوندى «حالق» ريۋاليوتسييەسى سوزى ئيشتلو عەجەبرەك تۆيلا بۆغاى. شوڭا كورەدە، ماركسيس بولوۆرغا ترشب يۆرگەن ئستروۋە يولندان باروچى روس مينشيۋيكلارى هەم پليحانفچيلەر ماركسنڭ بو سوزلەرن سوزدە «حاتالق» ديب ئيعلان ئيتەرگە مومكين. آلار ماركسيزمنى بوزوب، آنى يارلى ليبيراللق دەرەجەسينە جيتكرديلەر كى، آلار بورژووا هەم پروليتارييات ريۋاليوتسييەلەرن بر برسينە قارشى قويودان باشقا بر نەرسەنى دە بلميلەر؛ ئۆستەوينە مۆنيدا ئەلى آلار جانسز ئيتب آڭليلار.

ئەگەردە بز میسال ئیتب XX نچی عەسر ریۋالیوتسییەلەرن آلساق، اول واقتدا پارتوگالییە هەم تۇركییە ریۋالیوتسییەلەرندە بورژووا ریۋالیوتسییەلەری دیب تانۇرعا توری كیلە. لاكین، آلارنڭ برسی‌دە «حالق» ریۋالیوتسییەسی توگل، چۇنكی زور حالق كوبچیلگی آیرم رەوشدە ئوزینڭ آیرم ئقتیسادی هەم سەیاسی تالابلاری بلەن اول ئیكی ریۋالیوتسییەنڭ برسندەدە سیزلرلك دەرەجەدە قاتناشمادی. كیرسنچە، 1905—1907 نچی یللاردا روسییەدە بولعان بورژووا ریۋالیوتسییەسی، پارتوگالییە هەم تۇركییە ریۋالیوتسییەلەری كبك، واقت — واقت زور — زور جیكولەرگە ئیرشمەسەدە چن حالق ریۋالیوتسییەسی ئیدی. چۇنكی حالق كوبچیلگی، آنڭ ئیڭ زور بر قاتلاوی، بیگرەكدە، آنڭ كاپیتال تارافندان ئیڭ نق ئیزلگەن ئۇلۇشی ئوز — ئوزلەرندەن كوتەریلب ریۋالیوتسییەگە ئوز تالابلاری تۇسن بیردیلەر هەم جیمرلە تۇرعان ئیسكی جەمعییەت ئورنینا ئوزلەرنچە یاڭا جەمعییەت تۇزرگە ئمتلدیلار.

1871 نچی یلدا یاۋروپا كانتینینتندەگی بر مەملەكەتدە پرولیتارییات حالق كوبچیلگن تەشكیل ئیتمیدر ئیدی. زور كوبچیلكنی قوزعاتا تۇرعان ریۋالیوتسییە پرولیتارییات هەم كریستییەنلەرنی ئوز ئچینە آلاندا عنا چن «حالق» ریۋالیوتسیەسی بولا آلا ئیدی. چۇنكی «حالق» اول چاعندا بو ئیكی سینفدان عیبارەت ئیدی. چۇنكی بو ئیكی سینف «بیوراكرات — عەسكەری دەۋلەت ماشیناسی» تارافندان بر تیگز دەرەجەدە ئیزلو، قسلو سەبەبلی برلەشكەنلەر ئیدی. «حالق» كوبچیلگینڭ — ئشچی هەم كریستییەن كوبچیلگینڭ چن مەنفەعەتی مۇنە شول ماشینانڭ واتلو، جیمرلوون تلی. یارلی كریستییەن بلەن پرولیتارییاتنڭ ئیركلی برلەشووی (سایوز یاساو) نڭ برنچی شارتی مۇنە شول. مۇندی برلەشودەن باشقا، نقلی دیماكراتییەدە بولمی هەم ساتسیالیزم ئوزگەرشی‌دە یاسالمی. بیك كوب ئچكی هەم تشقی سەبەبلەر تەئسیری آستندا ئوزینڭ مەقسودینا ئیرشە آلماعان پاریژ كاممووناسی مۇنە شوندی برلەشوگە تابا ئمتلش یاسادی. بو برگە مەعلوم نەرسە.

شونڭ ئۈچۈندە ماركس «چن حالق ريۋاليوتسـييەسى» حاقندا سۈيلەگەندە، واق بورژووازييەنڭ ئوزينە مەحسوس بولعان باشقـالارن ئيسندە تۇتو بلەن برگە، 1871 نچى يلدا ياۋروپا كانتيينينتى دەولەتلەرى كوبچيلـگندەگى سينفلارنڭ حەقيقى مۇناسەبەتلەرندە نق حيسابقا آلدى. ئە ئيكنچى ياقدان، اول، دەولەت ماشيناسن «واتونى ئشچيلەرنڭدە هەم كريسـتيەنلەرنـڭدە مەنفەعەتلـەرى تلەگەنلـكنى ئەيتدى؛ اول آلارنى برلەشدرە، آلار آلدينا، آلار ئوچن عوموم بولعان «پارازيت» نى يوق ئيتب، آنى نيندىدە بولسا ياڭا بر نەرسە بلەن برگەلەشب آلماشدرو مەسئەلەسن قويا، ديدى.

نيندى ياڭا نەرسە بلەن سوڭ؟

2. واتلعان دەولەت ماشيناسن نەرسە بلەن آلماشدررعا كيرەك؟

ماركس بو سۇآلـگە «كامونيسـتلار مانيفيستندا» 1847 نچى يلدا تەقريبى رەوشدەگنە جەواب بيرە، تاعيدا دۇرسترەك ئەيتـكەندە، اول آلعا كيلب باساچاق مەسئەلەلەرنيـگنە كورسەتە، آلارنڭ نيچك حەل قيلنوون كورسەتمى. «كام. مانيفيست» دا بيرلـگەن جەواب مۇنە شولاى: پروليتارييانى حاكيم سينف ئيتب اويۇشدرو»، «ديماكراتيـيەنى آلو» بلەن واتلعان دەولەت ماشيناسن آلماشدررعا كيرەك.

پروليتارييانى حاكيم سينف ئيتب اويۇشدرو نيندى رەوشلەردە بولر، اول اويۇشدرو بلەن «تولى ديماكراتييەنى ئەكرنلەب آلو» ئشى ئيكسى نيچك ئيتب برگە جيىلا آلۇر، سۇآلينە بيرلەچەك جەوابنى ماركس، اوتوپييەگە بيرلمەسدەن، كوبچيلك قوزعالشندان آلناچاق تەجريبەلەردەن كۇتدى.

پاريژ كاموناسى تەجريبەسن، اول نى چاقليعنا كچـكنە بولماسن، ماركس «فرانسييەدە گراژدانلار سوعشى» ديگەن ئەسەرندە زور ئيعتيبار بلەن تەحليل ئيتە. بو ئەسەردەن ئيڭ ئەهەمييەتلى اورنلارن كيترەبز:

«اورتا عەسرلاردان قالعان «مەركەزلەشدرلگەن دەولەت حاكيمييەتى، ئوزينڭ هەر بر جيردە بولا تۇرعان اورگونلارى: دائيمى عەسكەر، پاليتسييە، بيوراكراتييە، روحانيلار هەم سوديالار ساسلاۋييەسى بلەن برگە XIX نچى عەسردا تەرەققى ئيتدى. كاپيتال هەم حزمەت آراسندا سينف دۇشمانلعى كۆچەيو بلەن دەولەت حاكيمييەتى‌دە حزمەتنى ئيزو ئۈچن بولعان ئيجتيماعى حاكيمييەت رەوشن، سينفى حاكيمييەت ماشيناسى تۈسن آلا باردى. سينفلار كۆرەشينڭ بيلگيلى بر آدۇم آلعا كيتوون كورسەتە تۇرعان هەر بر ريۋاليوتسييە آرتندان دەولەت حاكيمييەتينڭ ئيزو سيفاتى تاعيدا آچراق كورنە باردى». 1848 ــ 1849 نچى يللارداعى ريۋاليوتسييەدەن سوڭ، دەولەت حاكيمييەتى « كاپيتالنڭ حزمەتكە قارشى بولعان كورەشندە ميللى قۇرال» بۇلۇب ئەورلدى. ئيكنچى ئيمپيرييە بۇنى تاعىدا نعتا تۈشدى».

«كاموونا ئيمپيرييەنڭ بوتنلەى كيرسى ئيدى. اول سينفى حاكيمييەتنڭ مانارحيستلارعا مەحسوس بولعان فورماسنعنا بترو توگل، بەلكى سينفى حاكيمييەتنڭ ئوزن بترە تۇرعان جۇمهورييەتنڭ بيلگيلى بر فورماسى ئيدى».

ساتسييالىزم نيگزينە قۇرۇلعان پروليتارييات جۇمهورييەتينڭ بو «بيلگيلى» فورماسى نەرسەدەن عيبارەت سوڭ؟ كاموونانڭ قۇرولا باشلاعان دەولەتى نيندى ئيدى؟

«... كاموونانڭ برنچى ديكريتى دائيمى عەسكەرنى بترب، آنى قۇراللانعان حالق بلەن آلماشدرو بولدى»...

حەزرگى واقتدا ئوزلەرن ساتسيياليستلار پارتييەسى ديب آتارعا تلەگەن بۈتن پارتييەلەرنڭ پروگراممالارندا بو تالاب بار. لاكين، آلارنڭ پروگراممالارى نەرسەگە كيرەك؟ 27 نچى فيۋرال ريۋاليوتسييەسندەن سوڭ بو تالابنى تۇرمشقا اوزدروۋدان قاچقان بزنڭ ئەسئەر هەم مينشيۋيكلارنڭ قيلانشلارندان بو بيك آچق كورندى!

«...كاممونا پاريژنـــڭ تۈرلى رايىونلارندان عۇمومى تاوش بيرو ئســولى بلەن سايلانعان وەكيللەردەن تۈزلدى. اول وەكيللەر مەسئول هەم تلەگەن واقتدا آلارنى آلماشدررعا مۇمكين ئيدى. بيلـگيلى، آلارنڭ كوبرەگى ئشچيلەر، يەئيسە ئشچى سينف تارافندان تانۇلعان كشيلەر ئيدى»...

«...مۇڭا قەدەر دەولەت حۆكومەتى قۇلندا قۇرال بولعان پاليتسـييە شوندوق ئوزينڭ سەياسى ئشلەرندەن (فۇنـكسييەسندەن) مەحروم ئيتلدى هەم كاممونانڭ تلەگەن واقتندا تۈشرلە آلا تۇرعان مەسئۇل اورگۇنينا ئەورلدى»...

«... دەولەت ئيدارەسندەگى باشقا بولـكلەردە بولعان چيناۋنيكلاردا شولاى ئيتلديلەر. كاممونا ئەعزالارندان باشلاب، يوعاريدان توبەنـگە قەدەر جەمەعەت حزمەتى ئشچينڭ ئش حاقى بەرابەرينە ئوتەلۈرگە تييش بولدى. هەر تۈرلى آرتقلقلار هەم زور تورەلەرگە دەولەت وەكيلى بولو سيفاتى بلەن آقچا بيرولەر بو چينلەر (دەرەجەلەر) بلەن برگە بترلديلەر. ئيسكى حۆكومەتنڭ ماددى حاكيمييەت قۇرالى بولعان دائيمى عەسكەر هەم پاليتسييەنى بتر گەندەن سوڭ اوق، كاممونا روحانى ئيزو قۇرالندا، پوپلار كۆچندە سندررعا تۈتندى... سوديالار ئوزلەرينڭ «مۇستەقيللـكلەرن» يوعالتديلار... مۇندان سوڭ، آلار سايلانب قويلرعا، مەسئول هەم تلەگەن واقتدا آلماشدرلا آلا تۇرعان بولۇرعا تييش بولديلار»...

شولاى ئيتب، واتلعان دەولەت ماشيناسن كاممونا «تيك» كيڭرەك ديماكراتييە بلەنـگنە آلماشدرعان كبك بولدى: دائيمى عەسكەر بترلو، مەسئول اورنداعيلارنڭ سايلانب قويلولارى هەم تلەگەن واقتدا تۈشورولەرى. لاكين، تۈبدەن اويلاب قاراعاندا، بو «تيك» بر تۈرلى مۇئەسسەسەلەرنڭ بۆتنلەيوك ئيكنچى تورلى مۇئەسسەسەلەر بلەن آلماشنوون آڭلاتا. مۇندا «سانڭ سيفاتقا ئەورلوون»دە بلدرە تۇرعان بر حەل كوريلە: مۇمكين

بولعان چاقلی تولیلق هەم آقرنلق بلەن ئوتکەرلگەن دیماکراتییە بورژووا دیماکراتییەسندەن پرولیتارییات دیماکراتییەسینەدەولەتدەن (بیلگیلی برسینفنی ئیزەر ئۈچن بولعان آیرم کۈچدەن) نیچکدە ئیندی دەولەت دیب آتارعا مۈمکین بولماعان بر نەرسەگە ئەورلە.

بورژووازییەنی ئیزو هەم آنڭ قارشی تۈرووون بترو ئەلی هامان کیرەکلی بولا. کاممونا ئۈچن بو بیگرەکدە ئەهەممییەتلی ئیدی: کاممونا جیڭلونڭ سەبەبلەرندەن برسی، آنڭ مۈنی جیتەرلك دەرەجەدە نقلاب ئشلەمەوی بولدی. لاکین مۈندا ئلکیگی قۈللق، قۈل کریستییەنلك، یاللانغان قۈللق چۈرلارنداعی کبك ئیزو اورگونی — آزچیلق اورگۈنی توگل، کوبچیلك اورگۈنی بولا. ئیندی، حالق کوبچیلگی ئوزی ئوزینڭ ئیزوچیلەرن ئیزە تۈرعان بولعاچ، ئیزەر ئۈچن «آیرم کۈچ» کیرەکمی. مۈنا شوشی مەعنا بلەن دەولەت ئولە باشلی. چونکی مۈنی، آرتقلقلار بلەن فایدالانعان آزچیلقنڭ (دائیمی عەسکەر چیناۋنیکلاری، زورتورەلەر) آیرم مۈئۈسسەسەلەری اورنینا، کوبچیلك ئوزی ئشلی آلا، دەولەت حاکیمییەتینڭ ئشلەرن (فونکسییەلەرن) ئوتەوگە بۈتن حالق قاتناشقان ساین، حۈکومەتنڭ کیرەگی‌دە کیمی بارا.

بو توریدا مارکس تارافندان آیروچا ئەیتلب ئوتلگەن کاممونا چارالاری دەولەت وەکیلی بولعان ئۈچن زور تورەلەرگە آقچا بیرونی، چیناۋنیکلارنڭ آقچا آرتقلقلارن بترو، دەولەتنڭ مەسئول کشیلەرینە حزمەتلەری بەرابەرینە تولەنە تۈرعان آقچانی «ئشچی‌نڭ ئش حاقی» بلەن تیگزلەو چارالاری آیروچا ئیعتیبار ئیتەرلك بر ئش. مۈندا بورژووا دیماکراتییەسندەن پرولیتارییات دیماکراتییەسینە، ئیزوچیلەر دیماکراتییەسندەن ئیزلگەن سینفلار دیماکراتییەسینە، بیلگیلی برسینفنی ئیزەرئۈچن کیرەك بولعان «آیرم کۈچ» حاکیمییەتندەن حالق کوبچیلگینڭ، ئشچی هەم کریستییەنلەرنڭ اورتاق کۈچی بلەن ئیزوچیلەرنی ئیزوگە کوچو ئشدە کورینە. دەولەت مەسئەلەسندە ئیڭ عەمەلی هەم ئیڭ مۈهیم بولعان مۈنا شوشی پونکتدا مارکس ساباقلاری بیگرەکدە اۇنۇتولعانلار: کوبچیلك آڭلارلق ئیتب یازلعان

کیتابلاردا (آندیلار بیك کوب بولسادا) بو حاقدا سۆیلەنمی. دەولەت دینی بولۇب ئەورلـگەچ، حریستیانلار، دیماکراتییە ریۋالیوتسییەسی روحنداعی حریستیانلقنڭ برنچی چۆرن اونۇتقان کبك، بو حاقدا ئندەشمەو «عەدەت بولۇب کیتـکەن»، گويا اول واقتی ئوتـکەن بر «پراستويلقلا»!

زور دەولەت تورەلەرینڭ حزمەت حاقی کیمتو بیك عادی، توپاس دیماکراتلق تالابی «کبکـکنە» تۆیۆلا. ئیڭ یاڭا آپپارتونیزمنی «تۆزوچیلەر»نڭ برسی بولعان ئلـکیگی ساتسییال دیماکرات ئەد. بەرنشتەین «عادی» دیماکراتیزمدان کوب مەرتەبەلەر بورژوواچا کۆلو تەجریبەلەرن یاسادی. بارلق آپپارتونیستلار هەم حەزرگی زامان کاوتسکیچیلەری کبك، بەرنشتەین دە برنچیدەن، کاپیتالیزمدان ساتسییالیزمگە کوچونڭ «بر قەدەر عادی» دیماکراتیزمگە «قایتمیچا» مۆمکین توگللـگن (چونـکی دەولەت ئشلەرینڭ حالق کوپچیلـگی هەم بۆتن حالق تاراڧندان ئوتەلە باشلانووینا کوچو باشقاچا مۆمکین توگل)، ئیکنچیدەن، کاپیتالیزم نیگزندە هەم کاپیتال مەدەنییەتندەگی «عادی» دیماکراتلقنڭ بۆرنعی زامانڭ هەم کاپیتالیزمگە قەدەر بولعان چۆرلارنڭ، عادی دیماکراتلعی بلەن بر توگل ئیکەنن اول بۆتنلەی آڭلامادی. کاپیتال مەدەنییەتنی، ئری سەناعەتنی، فابریکلار، تیمر یوللار، پوچتا — تیلیفون هەم شوڭا باشقالارنی بارلققا کیتردی. مۆنا شوشیلار نیگزندە ئیسکی «دەولەت حاکیمیەتی» ئشلەری شول قەدەر جیکللەشدیلەر هەم عادی یازو، قەید ئیتو، تیکشروگە گنە ئەورلدیلەرکی، آلارنی یازو بلـگەن هەر بر کشی باشقارا آلاچاق، اول ئشلەرنی عادی «ئشچینڭ ئش حاقی» بەرابەرینە ئوتەو مۆمکین بولاچاق. مۆنا بو ئەورلو اول ئشلەردەگی «تورەلك» هەم آرتقلقنڭ کولەگەلەرندە قالدرمایاچاق (قالدرماسقا تییش دە).

سایلاب قویوچیلق هەم سایلاب قویلعان دەولەت حزمەتندەگی کشیلەرنڭ هەر قایوسینڭ تلەگەن واقتدا آلماشدرلا آلولاری، آلارنڭ حزمەت حاقلارینڭ عادەتی «ئشچینڭ ئش حاقی» بلەن تیگزلەنووی، — مۆنا بو عادی هەم

«ئوز — ئوزندەن آشلاشلب تورا تورغان» ديماكراتيزم چارالارى ئشچى هەم كريستييەنلەر كوبچيلگينڭ مەنفەعەتلەرن برلەشدرو بلەن برگە، شول اوق واقتدا كاپيتاليزمدەن ساتسييالیزمگە ئيتە تورغان كوپر خزمەتن ئوتيلەر. بولار جەمعييەتنى دەولەت هەم بارى، سەياسى ياقدان ياشادان توزو تورندا بولغان چارەلەرگنە، لاكين آلار «ئيكسپراپرييا تورلارغا ئيكسپروپرييەتسييە» ياساونڭ تورموشقا ئوتكەرلووى، يەئيسە شوشا ئەزرلەنو، ئيكنچى تورلى ئەيتكەندە: ئەيبر جيتشدرو ئەسبابلارينا بولغان كاپيتال خسوسى ميلكينڭ جەمەعەت ميلكينە ئەورلووى بلەن باعلانغان واقتداعنا مەعنالى بولالار.

ماركس ئەيتە:

«كاممونا بارلق بورژووا ريۋاليوتسييەلەرينڭ، لوزنغلارى بولغان حوكومەتنى آرزانعا توشرونى چنعا ئەيلەندردى. چونكى اول ئيڭ زورچعملاردان بولغان عەسكەر هەم تورەلكنى بترذى» دى.

واق بورژووانڭ بارلق قاتلاولارنداعى كبك كريستييەنلەرنڭ بيك آز ئولوشيگنە «يوعارى كوتەرلە»، بورژوواچا ئەيتكەندە «كشى بولا»، يەعنى حەللى كشيگە، بورژوواعا ئەيلەنە، يە ئيسە تورموشى تەئمين ئيتلگەن هەم تورلى آرتقلقلارعا ئييە بولغان تورەگە ئەوريلە. كاپيتاليزمچە كون — كورشلى مەملەكەتنڭ كريستييەنلەرى كوبچيلگى، ئەگەردە آلاردا كريستييەنلەر بولسا (كريستنيەنلەرى بولغان كاپيتال مەملەكەتلەرى كوبچيلك تەشكيل ئيتەلەر)، حوكومەت تارافندان ئيزلە هەم اول كوبچيلك اول حوكومەتنڭ توشورلوون هەم «آرزان» حوكومەت بولونى سابرسزلق بلەن كوتە. موني بارى پروليتارييا تقنا تورموشقا ئوتكەرە آلاچاق هەم شونڭ بلەن اول دەولەتنى ساتسيياليزم نيگزندە ياشادان قورو ئشندە برآدوم آلعا آتلاعان بولاچاق.

3. پارلامینتاریزمنی بترو.

مارکس:

«كاممونا پارلامینتاریزم نیگزنده توگل، بەلکی ئش ئشلی تۇرعان. كارپاراتسییه (ئۇیشما) بولورعا، برئوك واقىدا قانونلار چعاررعا هەم آلارنی تۇرمشقا ئۇتكەرگه تییش ئیدی...» دیب یازدی.

. عۇمومی سایلاو حۇقوقی 3، یەئیسه 6 یلدا بر مەرتەبه پارلامینتدا حاكیم سینفنڭ قایسی آعزاسی حالق وەكیللگن ئوتەرگه هەم آنی باستررعا تییشلكنی حەل قیلاسی ئورنعا، كاممونادا ئۇیشقان حالق، آنڭ ئوز مۇئەسسەسەلەری ئۇچن ئشچیلەر، نادسموترشچیكلەر، بوحگالتیرلار تابب بیرر گه تییش ئیدی. نیتەككی آیرم—آیرم كشیلەرنی سایلاو حۇقوقی هەر بر ئش بیروچیگه (یاللاوچیعا) شوشی ئوق مەقسودلار ئۇچن حزمەت ئیته ئیدی.

1871 نچی یلنی یاسالعان پارلامینتاریزم توروندا‌عی بو تەنقید حەزرده ساتسیال—شاۋینیستلار هەم آپپارتونیستلارنڭ حۇكوم سۇرولەری سەبەبلی ماركسیزمنڭ «اۇنتلعان سوزلەری» جۇملەسینه كره. مینیسترلەر هەم پروفیسییانال پارلامینتچیلار، حەزرگی زامانڭ پرولیتارییاتقا حییانەت ئیتوچی ساتسییالیستلاری پارلامینتاریزمنی تەنقید قیلونی بۇتۇنی بلەن آنارحیستلارعا تابشردیلار. هەم ئوزلەرینڭ بو عەجەب—پرینسیپلاری بوینچا پارلامینتاریزمنڭ هەر بر تەنقیدن «آنارحیزم» دیب ئیعلان ئیتدیلەر. شونڭ ئۇچن‌ده شەیدمان، داۋید، لیگین، سامبه، ریندویل، هیندیرسون، ۋاندیرۋیلده، ئستاونینگ، برانتینگ، بیسسولاتی هەم آلارنڭ كامپانییەلەرنده بولعان «ساتسییالیستلار»نڭ جیرەنچلگن كورگەن پارلامینتلی «آلدنعی» مەملەكەتلەر پرولیتارییاتنڭ آپپارتونیزم بلەن بر توعان بولعان آنارحو-سیندیكالیزمگا یاقنایا بارولاری برده عەجەب توگل.

لاكین ماركس ریۋالیوتسییه دییالیكتیكاسن پلیحانف، كاوتسكی هەم

باشقالار كبك بالالار ئوينچعى ياسامادى. ماركس بورژووا پارلامينتاريزمينڭ «آزبارنداندا» فايدالانا بلمه گه نلـگى ئۇچن آنارحيزم بله ن بولعان باعلانشنى قه تعى ئوزه بله ئيدى. كوز آلدندا ريۋالوتسييه حه لله رى بولماعان چاعندا اول باعلانشنى ئۇزوده ن بيگره ك ده تارتنمى ئيدى. شونڭ بله ن برگه اول پارلامينتاريزمنى چن ريۋالوتسييه چى پروليتارياتچا ته نقيدده ئيته بله ئيدى.

بورژووا پارلامينتاريزمينڭ نيگزى ــ برنيچه يلعا بر مه رته به حاكيم سينفنڭ قايسى ئه عزاسى پارلامينتدا حالقنى باسترعا، ئيزه رگه تييشلك مه سئه له سن حه ل قيلو. پارلامينت هه م كانيستيتوتسييه لى مانارحييه دوله تله رنده گنه توگل، حه تتا ئيڭ ديماكرات جۇمهوريه تله رده ده بو شولاى.

ئه گه رده دوله ت مه سئه له سن، يه ئيسه پارلامينتاريزمنى دوله تنڭ بر مۇئه سسه سه سى بۇلوۋى ياعندان پروليتارياتنڭ مه قسودلارى كوزلـگى آرقيلى قاراساق، پارلامينتاريزمدان قۇتلو چاراسى قايدا؟ پارلامينتاريزمدان باشقا مۇمكينمى؟

قات ــ قات ئه يتۇرگه تورى كيله: پاريژ كاموناسن اۇيره نوگه تايانب بيرلـگه ن ماركس ساباقلارى شول قه ده ر نق اونۇتۇلعانلاركى، حه زرگى «ساتسييال ــ ديماكراتلار» (ساتسييالىزمنڭ حه زرگى واقتنداعى حائينله رى ديب ئوقى) پارلامينتاريزمنڭ آنارحيستلارچا، يه ئيسه ريياكسيانيرلارچا بولعان ته نقيدنـگنه آڭليلار، باشقاچاسى آلارعا آڭلاشلمى. وه كيلـله ر مۇئه سسه له رن، سايوزلارنى بترو بله نـگنه پارلامينتاريزمدان قۇتلۇب بولماياچاق. مۇنڭ ئۇچن پارلامينتلارنى له چتيت ئورنندان «ئش اورنى»نا ئه يله ندررگه كيره ك. «كامونا پارلامينت توگل، ئش ئشلى تۇرعان ئورن، بر ئوك واقتدا قانون تۇزوچى ده هه م اول قانونلارنى باشقاروچيدا بولرعا تييش ئيدى».

«له چتيت اورنى توگل، به لـكى ئش اورنى». بو سوزله ر گويا حه زرگى زامان پارلامينتچيلارينڭ هه م پارلامينت «كۇچۇكله رى» ساتسييال ــ ديماكراتلارنڭ يۇزله رينه به رو ئۇچن ئه يتولـگه نله رله! آميريكا، شۋيتسارييه، فرانسييه، آنـگلييه، نارۋيگييه هه م پارلامينتلى باشقا مه مله كه تله رده ن تله گه نـگزنى قاراعز،

لارنڭ هەر برندە «چن»دەولەت ئشى آرت ئيشكدەن، ديپارتامينت، ەنسەلەرييە هەم تۆرلى نشتابلاردا باشقارلا. پارلامينتلاردا، بارى، بيلگلى مەقسود بلەن «پراستوى حالقنى» آلدار ئۆچن گنە سۆيلەنەلەر. بو ول قەدەر دۆرست، حەتتا بورژووا ديماكراتييەسنا قۆرلعان روسييە جۆمهوريەتندەدە چن پارلامينت تۆزلب جيتمەس بۆرۆنوق، پارلامينتاريزمنڭ مەقسودلارى آچق كورنديلەر. ئسكوبيليف، تسيريتللى، چيرنوف، ۋكسينتيف هەم باشقالار كبك چرك ميشچانلق قەهەرمانلارى ساۋيتلارنىدا جيرەنچ بورژووا پارلامينتى تيپينە ئەورلدرب، لەچتيت اورنى ياساديلار. «ساتسيياليست» مينيستر ئەفەنديلەر ساۋيتلاردا ئشانوچان موژيكلارنى عرداو هەم ريزالوتسييەلەر بلەن آلديلار. حۆكومەتدە بر ياقدان كيلرلى هەم بدەرەجەلى اورنلارعا كوبرەك «ئەس ــ ئەر هەم مينشۋيكلارنى» اوترتو، ئيكنچى ياقدان، حالقنى يوق نەرسەلەر بلەن آلداو ئشى بارا. ئە كانسەلەرييە هەم اشتابلاردا ئيسە، «دولەت» ئشى «ئشلەنە!»

ۋلاست باشنداعى «ساتسيياليست ــ ريۋاليوتسييەنيرلار» پارتيەسينڭ اورگونى بولعان «Дело народа» (ديلو نارودا) گەزيتەسى، ئيدارەتارافندان يازلعان باش مەقەلەسندە آچقدان آچق توبەندەگى نەرسەلەرنى يازا: باشندا «ساتسيياليسلار» تۆرعان مينيسترستۋالاردا چيناۋنيكلار آپپارات لارينڭ بۆتۆنسى تۆبندە ئيسكيچە قالا، بو آپپاراتلار ئشنى ئيسكيچە يۆرتەلەر هەم بارلق ريۋاليوتسييە ئشلەرينە «ئيركلى» رەوشدە ساباتاژ ياسيلار. بو سوزلەر يازلماعانتەقديردەدە ئەس-ئەر هەم مينشيۋيكلارنڭ حۆكومەتكە قاتناشو فاكتلارى ئۆزيدە مۆنڭ شولاى ئيكەنن آچق كورسەتە. مۆندا كاديتلار بلەن بر مينيسترستۋادا بولعان چيرنوف، روسانوف، زينزينوف هەم «Дело народа» گەزيتەسينڭ باشقا يازوچيلارينڭ اۋياتسز رەوشدە هەم هيچ بر قرارميچا، عادى بر مەسئەلە كبك، «ئۆزلەرينڭ» مينيستيرستوالارندا بار نەرسەنڭ ئيسكيچە قالوون بۆتن حالققا ئيعلان ئيتولەرينە آيروچا ئيعتيبار ئيتەرگە كيرەك. كاديتلار بلەن بولعان بو كاآليتسييەنڭ نيگزى-

پراستوی آول آعايلا رن آحماق قيلو ئۇچن ريۋاليوتسييه ديما كراتييه سى سوزن ئرعتو، كاپيتاليستلا رعا «سنق» بيرو ئۇچن چيناۋنيكلا ر كانسه له رـ يه سى ۋالاكيناسن قۇرودان عيباره ت.

بورژووا جه معييه تينڭ ساتلق، چرك پارلا مينتاريزمن كاممونا تيكشرو هه م مۇحاكه مه يۇرتو سوزله رى كوز بوياۋيعنا بولماعان مۇئه سسه سه له ر بله ن آلما شدرا. چۇنكى كا ممونا پارلا مينتچيلا رى ئوزله رى ئشله ر گه، ئوزله رى تۇزيگه ن قانونلارنى ئوزله رى تۇرمشقا ئوتـكه رر گه، تۇرمشدا توعان نه رسه له رنڭ بارن ئوزله رى تيكشرر گه هه م سايلا وچيلا رآلدندا توريدان ـ توريعا ئوزله رى جه واب بيرر گه تييشله ر. وه كيلله ر مۇئه سسه سه سى قالا، لاكين قانون چعاروچيلا ر بله ن اول قانونلا رنى تۇرمشقا ئوتـكه روچيله ر آراسندا حزمه تنى بولو هه م وه كيلله ر ئۇچن تۇرلى آرتقلقلا رى بولعان مه حسوس سيستيمالى پارلا مينتاريزم مۇندا يوق. وه كيلله ر مۇئه سسه سه سنده ن باشقا بز ديما كراتييه نى، حه تتا پروليتا رييات ديما كراتييه سنده كوز آلدينا كيتره آلميبز. ئه گه رده بورژووا جه معييه تن ته نقيد ئيتو بزنڭ ئۇچن بوش سوزله ر گنه بولماسا، ئه گه رده بورژووا حا كيمييه تن تۇشرو بزنڭ چن ئمتلش هه م تله گيبز بولسا، مينشيۋيك هه م ئه س ـــ ئه رله ر، شه يديمان، ليگين، سامبه هه م ۋه نديرۋيلده له رده گى كبك ئشچيله رنڭ تاوشلا رن ئله كترو ئۇچنگنه «سايلا و» سوزله رى قچقرلماسا، بز پارلا مينتاريزمدان باشقا ديما كراتييه نى كوز آلدينا كيتره آلابز هه م كيترر گه تييشبز.

كاممونا هه م پروليتارييات ديما كراتييه سنا كيره ك بولعان چيناۋنيكلا رنڭ ئشله رى حـا قندا سۇيله گه نده ما ركسنڭ چاعشدرو ئۇچـۇن «هه ر بر ئش بيروچينى»، ئيكنچى تۇرلى ئه يتـكه نده، «ئشچيله رى نادسموترـ شچيكلا رى هه م بوحگالتيرلا رى» بولعان عادى كاپيتاليستنڭ سه نه عه ت يۇرتن آلووى بزنڭ ئۇچۇن زور سا باق.

ما ركس «ياڭا» جه معييه تنى يازوداعنا، ئوز حييالنداعنا تۇزۇمى، بو مه سئه له ده آناردا اوتوپييه نڭ تامچسى دا يوق. اول ئيسكى جه معييه تده ن

ياڭاڭ تۇوون، برنچيدەن ئيكنچيگە كوچو فورمالارن تەبيعى، تاريخى بارۇش ئيتب تيكشرە. اول پروليتارييات كوبچيلكگى قوزعالشيڭ تەجريبەسن آلا هەم آناردان عەمەلى ساباقلار چعاررعا ترشا.

ريۋاليوتسييەنڭ بارلق بۇيۇك داهيلارى ئيزلەگەن سينفلارنڭ بۇيۇك قوزعالشلارى تەجريبەلەرندەن ساباق آلۇرعا قورقماعانلارى كبك، اول كاممونادان «ساباق» آلا. آندى داهيلار پليحانف كبك: «قۇرالعا تۇتنۇرعا كيرەكمەس ئيدى»، يەئيسە تسيريتيلى كبك: «سينف ئوز ئوزن چيكلەرگە تييش» ديب، سينفلارعا بر واقتدا تييشسز «نەسيحەتلەر» بيرب آزابلانميلار.

چيناۋنيكلەرنى كينەتكنە، هەر جيردە، بۇتۇنلەيگە يوق ئيتو حاقندا مۇندا سوزدە بولۇرعا مۇمكين توگل. بو-اۇتوپييە. لاكين ئيسكى چيناۋنيكلار ماشيناسن بر يوليعنا جيمرو هەم شول سەعەتدە ئوك باراق چيناۋنيكلارنى يوققا چعارا تۇرعان ياڭا ماشينانى قۇرا باشلاو، بو-اوتوپييە توگل، بو-كاممونا تەجريبەسى، بو-ريۋاليوتسييەچى پروليتارياتنڭ توريدان تورى بولعان چيراتداعى بورۇچى.

كاپيتاليزم «دەولەت» ئيدارەسينڭ ئشلەرن جيڭلەيتە، «ناچالنيكلكنى» آتۇب تاشلارعا، بارلق «ئشچى، نادسموترشچيك هەم بوحگالتيرلار» ياللى تۇرعان پروليتارياتنى اۇيۇشدرودان (حاكيم سينف ئيتب) عيبارەت ئيتب قالدررعا ئيرك بيرە. بز اوتوپيست توگلبز. بز بر يوليعنا، نينديگنە بولسادا بر ئيدارەدەن باش ئييودەن باشقا يەشەونى «حييال» قيلميبز.

بو-پروليتارييات، ديكتاتوراسينڭ وازيفالارن آڭلاماوعا قۇرۇلعان، توبندە ئوك مارسيكزمعا قارشى بولعان هەم ئشدە ساتسياليزم ريۋاليوتسييەسن كشيلەرنڭ ئيكنچى تۇرليگە ئەوريلولەرينەچە كيچكدررگە حزمەت ئيتكەن آنار-حيستلارنڭعنا حييالى. بز ساتسياليزم ريۋاليوتسييەسن حەزرگى واقتداعى كبك باش ئيودەن، كانترولدەن، «نادسموترشچيك، بوحگالتيرلار» دان باشقا يەشى آلماعان كشيلەر بلەن ياسارعا تليبز.

لاكين باش ئيگەندە بلب باش ئييەرگە، كۇچندەن فايدالانعانلارنڭ

هەم ئشلەب كۈن كوروچيلەرنڭ يولباشچيسى — پرولىتارىياتقا باش ئيەرگە كيرەك. دەولەت چيناۋنيكلارينڭ ئۆزلەرينە مەحسوس بولعان «چيناۋ-نيكلىكلەرى» شول ساعەتدەئوك، شول كۈندەن ئرك «نادسموترشچيك، بوحگا-لتيرلارنڭ» عادى ئشلەرى بلەن آلماشدرلا باشلانورعا مۆمكين هەم تييش. چۈنكى اول ئشلەرنى حەزرگى زامان شەهەر حالقى «ئشچينڭ ئش حاقى بەرابەرينە ئشلى آلا.

كاپيتاليزم تارافندان بارلققا كيترلگەن نەرسەلەرگە تايانب، ئرى سەنا-عەتنى تۈزيك. بز — ئشچيلەر، ئوز تەجريبەبزگە تايانب هەم قۇراللانعان ئشچيلەرنڭ دەولەت حاكيميەتى ياردەمى بلەن تيمر ديسسيپلينا قويب، دەولەت چيناۋنيكلارن بزنڭ قوشقانلارنى ئوتى آلا، حزمەتلەرى بەرابەرينە آز حاق تولەنە تۇرعان، مەسئول «نادسموترشچيكلارعا هەم بوحگالتيرلارعا» ئەيلەندريك. بزنڭ پرولىتارىياتچا بولعان مەقسەدىبز مۆنا شول. پرولىتارىيات ريۋاليوتسييەسن ياساعاندا مۆنا شولاردان باشلارعا مۆمكين هەم تييشدە. شوشى رەوشدە ئرى سەناعەتنى تۈزودەن باشلاو ئوز- ئوزندەن هەر بر تۈرلى چيناۋنيكلكنڭ ئەكرنلەب «ئولوينە»، ياللانعان قوللقداعيعا اۆشاماعان چن ياڭا تەرتيبنڭ ئەكرنلەب اورناشوينا ئيرشدرر. تيكشرب قاراب تۇرو، حيساب بيرو ئشلەرى جيڭللەشب، بو واقتدا ئيندى هەر كم تارافندان چيرات بلەن ئوتەلرلك بولۇرلار، آندان سوڭ عادەتكە ئەيلەنب كيتەرلەر هەم، نيهايەت، آيرم قاتلاو كشيلەرگە مەحسوس بولعان ئشلەر رەوشندەن بۆتنلەيگەچعارلار.

ئوتكەن عەسرنڭ 70 نچى يللارندا ئوتكن آقللى بر نيمس ساتسييال-ديماكراتى پوچتانى ساتسيياليزم كۈن كورشينڭ ئورنەگى ديب آتادى. بو بيك دۆرست سوز. حەزرگى واقتدا پوچتا دەولەت — كاپيتاليزمى ماناپو-لييەسى رەوشندە تۈزلگەن بر حوجالق. ئيمپيريياليزم بارلق تريستلارنى ئەكرنلەب شوشندى كۈن كورشكە ئەيلەندردى. موندان ئشكە باتقان هەم آچعا تۇرعان «عادى» ئشلەب كون — كوروچيلەر ئوستندەدە شولوق بورژووا بيۇراكراتييەسى تۇرا. لاكين مۆندا ئيندى كۈن كورشنى برگەلەب

آلب بارو میحانیزما (ماشینا) سی ئەزر. کاپیتالیستلارنی، تۈشرو، قوراللانعان ئشچیلەرنڭ تیمر قولی تارافندان آلارنڭ قارشی تۈرو کۈچلەری جیمرلوـحەزرگی دەولەتنڭ بیوراکرات ماشینەسی واتلو بلەن بزنڭ آلدا «سۈری قۈرتدان» قۈتۈلعان، تیحنیکە جەھەتندەن یاحشی ئیتب قۈرۈلعان میحانیزم تورر. اول میحانیزمنی ئیندی بـرلەشکەن ئشچیلەر ئوزلەری ئوك حودقا جیبەرە آلورلار. باری، تیحنیکلار، نادسموترشچیکلار ھەم بوحگالتیرلارعنا یاللارعا کیرەك بولور؛ آلارنڭ ھەم بۈتن «دەولەت» چیناونیکلەرینڭ حزمەت حاقلارن ئشچینڭ عادی ئش حاقی بلەنگنە تولەرگە مۈمکین بولور. مۈنە آچق، بیلگیلی بولعان مەقسود. بوتن تریستلار ئۈچن بـو مەقسودنی شوندا ئوق تۈرمشقا اوزدررعا مۈمکین ھەم بو، ئشلەب کۈن کوروچیلەرنی ئیکسپلاتاتسییەدان قۈتقارا تۈرعان، پاریژ کاممونەسی نارافندان عەمەلی رەوشدە باشلانعان مەقسود (بیگرەکدە دەولەت تۈزلشندە).

قۈراللانعان پرولیتارییات قارماعندا، آنڭ قول آستندا پوچتا رەوشندە تۈزۈلگەن بۈتن حالق کۈن کورۈشی (آندا تیحنیکلەر، نادسموترشچیکلەر، بوحگالتیرلار ھەم بارلق ئورنداعی کشیلەر ئشچیلەرنڭ ئش حاقندان آرتق ژالونیە آلماسقا تییشلەر) - مۈنە بزنڭ ئیك یاقنداعی مەقسودیبز. بزگە مۈنە شوشندی ئیقتیسادی نیگزرگە تۈزۈلگەن دەولەت کیرەك. پارلامینتاریزمنی بتررو ھەم وەکیللەر مۈئەسسەسەلەرن قالدررو مۈنە شۈلارنی بیرەچەك. بورژووا تارافندان بو مۈئەسسەسەلەرنڭ مسقل ئیتلوندەن مۈنە شوشیلارعنا ئشلەب کۈن کوروچیلەر سینفلارن قۈتقاراچاق.

4. میللەت برلـگن ئۈیۈشدرو.

«واقت آزلق سەبەبلی کاممونا تارافندان تییشنچە ئشلەنب ئولگرلمەگەن میللی ئۈیۈشما کیتابندا (очерк دە) آچقدان آچق ئەیتلە: کاممونا، حەتتا، کچکنەگنە آولنڭ دا سەیاسی فورماسی بولورعا تییش ئیدی...»

پارتىدائى «مىللەت وەكىللەرى» دە كاممونالاردان سايلانالار ئىدى.

«... اول واقتدا ئەلى ئوزەك حوكومەت قولىدا قالاچاق ئەز، لاكىن ئەھەممىيەتلى ئشلەر بىترلمەسكە تىيىش ئىدىلەر ـ بولاى دىب ئەيتو يورى آلداشو ئىدى ـ چونكى اول ئەھەممىيەتلى ئشلەر كاممونانىڭ ئىڭ مەسئول چىناۋنىكلارىنا تابشىرلرغا تىيىش ئىدىلەر»...

«مىللەت برلىگى بىترلمەسكە، بەلكى كاممونا تۈزلشى آرقلى ئويۇشدرلرغا كىرەك ئىدى. مىللەت برلىگن ئوزندە دىب حىسابلاغان، لاكىن ئوزى مىللەتدەن مۇستەقىل بولۇرغا تلەگەن، آناردان يوغارى تۇرغان دەولەت حاكىمىيەتىن بىترو آرقاسنداغىنا مىللەت برلىگى تۇرمۇشقا ئوتكەرلرگە تىيىش ئىدى. چنلاب قاراغاندا ئىسە، بو، دەولەت حاكىمىيەتى مىللەت تەننندە ئوسكەن فايداسز بر ئىت كىسەگى گنە ئىدى؛ ئىسكى دەولەت حاكىمىيەتىنىڭ ئىزەر ئوچۇنگنە بولغان ئور گۇنلارن كىسب تاشلاو، جەمعىيەتدەن يوغارى تۇررغا ئمتلغان اول حاكىمىيەتنىڭ دۇرست ئشلەرن تارتب آلو ھەم آلارنى جەمعىيەتنىڭ مەسئول حزمەتچىلەرىنە تابشرو ـ اول چاغندا كاممونانىڭ مەقسودى ئىدى».

حەزرگى زامان ساتسىيال ـ دىماكراتىيە آپپارتونىستلارىنىڭ ماركسنىڭ بو مۇحاكەمەلەرن آڭلاماولارن، دۇرستىرەگى آڭلارغا تلەمەولەرن رىنىگات بىرنشتەيننىڭ «ساتسىيالىزم گە ئىرشو شارتلارى ھەم ساتسىيال ـ دىماكراتلارنىڭ مەقسودلارى» دىگەن گىراستراتىك(1) كبك مەشھور كىتابى بىگرەك آچق بلدرە. ماركسنىڭ يوغارىدا كىترلگەن سوزلەرى تورندا بىرنشتەين شولاى دىب يازدى: بو پرۇگراما ئوزىنىڭ سەياسى مۇندەرىجەسى بلەن بۇتنلەي پرودون فىديرالىزمىنا ئوخشى...

(1) شوھرەت قازانر ئوچن ئەفيس دەگى دىانا عيباد ەتخانەسن ياندرغان گرىك تەرجومەچيلەر.

مارکس بلەن «واق بورژوی» پرودون (بیرنشتەین «واق بورژوی» سوزن کۆلونی کورسەتە تۆرغان کیری ئۆتۆرلەر ئچنە آلا) باشقا مەسئەلەلەردە بر ــ برسندەن نق آیرۆلشالاردا، بو مەسئەلەدە بر ــ برسینە بیك نق یاقنلاشقانلار. بیرنشتەین سوزندە دەوام ئیتب ئەیتە: ئەلبەتتە، شەهەر ئیدارەلەرینڭ (مونیتسیپالیتیتلارنڭ) ئەهەممیەتلەری ئوسە، لاکین حەزرگی زامان دەولەتلەرن، مارکس بلەن پرودون اویلاغانچا (مىللەت مەجلیسن گوبیرنا، یاحود ئۆبلاستلارداغی مەجلیسلەردەن، بو سوڭغیلارنی ئیسە، کاممونالار وەکیللەرندەن تۆزو)، یوققا چغارو هەم آلارنڭ تۆزلشلەرندە شوندی تولی ئوزگەرش یاساو، بر سوز بلەن ئەیتکەندە: ئلـکی میللی وەکیللەرنی بۆتنلەیگە بترو ــ دیماکراتییەنڭ برنچی مەقسودی بۆلووندا مین شوبهە ئیتەم».

مارکسنڭ «سوری قۆرت دەولەت حاکیمییەتن بترو» تورنداغی قاراشی بلەن پرودوننڭ فیدیرالیزمن بوتاو ــ بو قۆت ئۆچقچ بر حال! شولایدا مۆڭا اول حەتلی ئیس کیتەرگە یارامی. چۆنکی بو آپپارتونیست مار ـ کسنڭ بو ئورندا مەرکەزلەشدروگە قارشی قویب فیـیادالیزم توردا بر سوزدە ئەیتمەگەنلگن، بەلـکی هەر بو بورژووا مەملەکەتلەرندە یەشەوچی ئیسکی دەولەت ماشیناسن واتو توورنداغنا سویلەنگەنن باشیناداکرتمی.

آپپارتونیستنڭ باشینا باری تیره یاعنداغی میشچەنلەر تورمۆشندان کورگەن نەرسەلەرگنە، تیك «مونیتسیپالیتیتلار» عنا کره. پرولیتارییات ریۋالیوتسییەسی توردا آپپارتونیست ئویلاونیدا ئونوتقان ئیندی.

ئەلبەتتە، بو کۆلکی. لاکین بو توریدا بیرنشتەین بلەن جیکشمەدیلەر. بیرنشتەینگە کوب کشیلەر، بیگرەکدە، روس ئەدەبییاتندە «پلیحانف» یاۋروپا ئەدەبییاتندە «کاوتسکی» قارشی چقدیلار. لاکین بو ئیکینڭ هیچ برسی بیرنشتەیننڭ مارکسنی بورەوشدە بوزووی توردا سویلەمەدیلەر.

آپپارتونیست ریۋالیوتسییە توردا هەم ریۋالیوتسیەچە ئویلی آلودان شول چاقلی یراقلاشقان، حەتتا اول آنارحییزم نیگزن سالوچی پرۆدون بلەن مارکسنی بوتاب، «فیدیرالیزمنی» مارکسقا یەبشدرب قویا.

ئەچن (Ортодоксальный) ماركسيست بولورعا هەم ريۋاليوتسييەچى ماركسيزم تەعليماتن ساقلارعا تلەوچيلەر ـ كاوتسكى، هەم پليحانوف بو توردا تندا چعارميلار! ماركسيزم بلەن آنارحيزم آراسنداعى آيرماعا بولعان قاراشنى آرتق پچراتونڭ توبى موُنە شوشنــدا ئيندى. بو كاوتسكيچيلەرگەدە هەم آپپارتونيستلەرگەدە مەحسوس بولعــان بر سيفات. بو حاقدا تاعندا سويلەشربز ئەلى.

كاممونا تەجريبەسى حاقندا يوعاريدا كيترلــگەن ماركس موُحمەكا. مەلەرندە فيديراليزمنڭ ئزيدە يوق. آپپارتونيست بيرنيشتەين كورمەگەن مەسئەلەدە ئيندى ماركس بلەن پرودون قوشلالار؛ ئەبيرنشتەين قوشلادىب تابقان مەسئەلەدە ماركس بلەن پرودون آيرلالار.

حەزرگى زامان دەولەت ماشيناسن «واتو ــ جيمرو» مەسئەلەسندە «ماركس بلەن پرودوننڭ قاراشلارى برتوُرلى. ماركسيزم بلەن آنارحيزمنڭ (پرودون هەم باكونيننڭ) بو اوحشاشاعن آپپارتونيستلاردا، كاوتسكيچيلەردە كوررگە تلەميەر. چوُنكى آلار نەق شوشى مەسئەلەدە ماركسيزمدان يراقلاشالار.

ماركس فيديراليزم مەسئەلەسندە پرودونداندا، باكونيندانداندا آيرلا. (پروليتارييات ديكتاتوراسى توُرنداعى آيرما حاقندا ئيسە، سوُيلەبدە توراسى يوق!). آنارحيزمنڭ واق بورژووا قاراشلارندان فيديراليزم كيلب چعا. ماركس ــ مەركەزلەشدرو ياقلى كشى. آنڭ يوعاريدا كيترلــگەن موُحاكەمەلەرندە مەركەزلەشدرودەن ئەزگنەدە چيگنو يوق. بورژووا دەولەت ماشيناسن بترو گە مەركەزلەشدرونى بترو ديب قاراو، اول، تيك دەولەتكە ميشچەنلەرچە قاراودانعنا كيلە.

ئەگەردە پروليتارييات هەم ئيڭ يارلى كرەستييەنلەر دەولەت حاكيميەتن ئوُز قوللارينا آلب، ئيركلى رەوشدە كاممونالاردا ئوُيوُشسالار هەم كاپيتالعا قارشى كوُرەشدە، كاپيتاليستلارنڭ قارشيلقلارن جيمرودە، تيمر يوللارعا، فابريك ــ زاۋودلارعا، جيرگە هەم باشقا نەرسەلەرگە بولعان

حسوسی میلکنی بترب، آلارنی بۇتن حالققا تابشرودا بارلق کامموناللارنی برلەشدرسەلەر، بو ئیندی مەرکەزلەشدرو توگلدە نەرسە؟ بو—چن دیماکراتییەچە مەرکەزلەشدرو هەم شونڭ بلەن برگە پرولیتارییاتچا مەرکەزلەشدرو بولمیمی؟!.

ئوز ئیرکلەری بلەن مەرکەزلەشونی، کامموناللارنڭ ئوز تلەکلەری بلەن بر میللەت بولۇب برلەشولەرن، بورژووا حاکیمییەتن هەم بورژووا دەولەت ماشیناسن جیمرو ئۇچن پرولیتارییات کامموناللارینڭ برلەشولەرن بیرنشتەین باشینا سیدرا آلمی. هەر بر سافساتا کبك بیرنشتەین‌دە مەرکەز- لەشدرونی یوعاریدان تۇرۇبقنا، چیناۋنیکلار هەم عەسکەرلەر یاردەمی بلەن کۇچلەبکنە یاسارعا هەم ساقلارعا بولا دیب اویلی.

مارکس ئوز قاراشلارینڭ بوزلوون آلدان سیزگەن کبك، یوری، شول سوزلەرنی ئەیتب ئوتە: کامموناکنی میللەت برگن، ئوزەك حاکیمییەتنی بترودە عەیبلەو مەسئەلەنی آڭلاب توروب یالعانلاو، دی. پرولیتارییاتنڭ دیموکراتییە نیگزندە، آڭلی رەوشدە مەرکەزلەشدرو یاساون بورژووانڭ عەسکەر هەم چیناۋنیکلار یاردەمی بلەن مەرکەزلەشدرو یاساوینا قارشی قویار ئۇچن مارکس، یوری، «میللەت برلگی تۇزو» سوزلەرن قوللانا.

لاکین. . . ئیشتۇرگە تلەمەوچی هەر بر ساعراودا اندا ناچارراق! ئە- حەزرگی زامان ساتسییال — دیماکراتییەسی آپپارتونیستلاری دەولەت حاکیمییەتن بترو، اول سۇری قۇرتنی کیسب تاشلاو توروندا ئیشترگەدە تلەمیلەر.

5. سۇری قۇرت - دەولەتنی بترو.

بز، مارکس نڭ کیرەکلی سوزلەرن کیتردك ئیندی، آلارنی تاعندا توترا تۇشەرگە تییشبز.

مارکس یازا:

«یاڭا مۇئەسسەلەر ئیجتیماعی تۇرمۇشنڭ ئیسکی، واقتی اوزعان مۇئەسسەسەلەرینە آزمی - کوبمی اوحشاعانلقلارندان، یاڭا تاریحی نۇزلشنی

ئیسکی تۇزلشنڭ ئورنەگی دیب حیسابلاو عادەت بولۇب کیتـکەن. شونڭ ئۇچندە، حەزرگی زامانڭ دەولەت حاکیمییەتن وانقان بویاڭا کاموناعادا اورتا عەسر کاموناسینڭ یاڭادان ترلووی... واق دەولەتلەر سایوزی (مۇنتیسـکییۇ، ژیراندیسـلار) . . . عادەتدەن تش مەرکەزلەشدروگە قارشی بولعان ئیسکی كۇرەشنڭ زورراق رەوشی (فورماسی) دیب قارادیلار»...

«جەمعییەتنڭ ئیرکلی بارۇشینا جایسزلی هەم جەمعییەت ئۇستندەن آشاب یاتا تورعان پارازیت «دەولەتنڭ» بو کونـگە چاقلی یۇتۇب کیلـگەن جەمعییەت كۇچلەرن کاموناچا تۇزۇلو جەمعییەت تەنینە کیری قایتارر ئیدی. شوشینڭ بلەنـگندە فرانسییەنڭ یاڭادان ترلووی آلعا آتلار ئیدی»...

«کامونالار قۇرۇلو آولنڭ ئەیبر جیتشدروچیلەرن هەر بر اوبلاست ئوزەك شەهەرلەرینڭ مەعنەوی یولباشچلعی آستینا آلۇر هەم آلارنی آندا مەنفەعەتلەرن کوزەتوچی شەهەر ئشچیلەری کبك تەبیعی وەکیللەر بلەن تەئمین ئیتەر ئیدی. کاموناڭ یەشەوی ئوزی ئوك جیرلی ئیدارەلەر یەشەو دیگەن سوز. لاکین اول جیرلی ئیدارەلەر کامونا تۇزۇلـگەندەن سوڭ کیرەگی قالماعان دەولەت حاکیمییەتینە قارشی تورر ئۇچون تودرلمیلار»...

کامونا تەجریبەلەرن جنتکلەب تیکشرگەندەن سوڭ، مارکس دەولەت حاقندا مونا شول یوعاریداعی سوزلەرنی ئەیتە: «سۇری قۇرتدای کیرەکسز» بولعان «دەولەت حاکیمییەتن بترو»، آنی «کیسب تاشلاو»، «جیمرو»، دەولەت حاکیمییـەتی حەزرندە آرتق بر نەرسـە بولۇب قالا»دی.

بو سوزلەر یارتی یوز یللار ئلك یازلعان بولسادا، دۇرست مارکسیزمنی کیڭ کوبچیلـکـکە ئیرشدرو ئوچون، بۇرنعی نەرسەلەرنی قازب چعارعان کبك، آلارنی حەزر چۆقب چعاررعا توری کیلە. ئوز باشندان

ئوتكەن سوٓكعى بوٓيوٓك ريۋاليوتسييەنى تيكشرو سوٓڭندا چعارعان مارکس نەتيجەلەرن، تاعيدا سوٓڭراق بولاچاق بوٓيوٓك پروليتارييات ريۋاليوتسييەلەرينڭ واقتى كيلوب جيتكەچ، اوٓنوٓتديلار.

«... كاممونا تورندا بولعان توٓرلى سوزلەر، كاممونادا كورلگەن مەنفەعەتلەر توٓرليلگى كاممونانڭ سوك دەرەجەدە سعلمالى (гибкая) بر سەياسى فورما بولوٓون كورسەتەلەر. حالبوكى ئلككى حوٓكومەتلەرنڭ بوتنسى ئيزوچى ئيديلەر. كاممونانڭ چن سرى موٓنە نەرسە ئيدى: كاممونا — ئشچى سينف حوٓكومەتى ئيدى؛ اول ئەيبو جيتشدروچى سينفنڭ تالاوچى سينفقا قارشى كوٓرەشوٓوى نەتيجەسندە تودى؛ نيهايەت اول حزمەتنڭ ئيقتيسادى آزادلقعا چعووى موٓمكين بوٓلعان آچق سەياسى فورما ئيدى...»

«بو سوٓكعى شارتدان باشقا كاممونا قورو موٓمكين بولماس هەم بولعاندادا آلداوٓعنا بولوٓر ئيدى»...

اوتوپيستلار جەمعيەتنى ساتسيياليزم نيگزندە ياڭادان توٓزوگە موٓمكينلك بيرە توٓرعان سەياسى فورمالار «ئزلەو» بلەن شوعللەنديلەر. آنارحيستلار ئيسە، سەياسى فورمالار مەسئەلەسندەن عوٓمومەن قول سلتارگە ترشديلار. حەزرگى زامان ساتسيييال ديماكراتييەسينڭ آپپارتونيستلارى آقتق چيكدە پارلامينت نيگزندە قوٓروٓلعان ديماكرات دەولەتنڭ بورژوواچا بولعان سەياسى فورمالارن قابول ئيتديلەر، شوندان ئوتەرگە بولدرا آلماديلار هەم اول فورمانى واتو تورندا بولعان هەر بر تلەكنى آنارحيزم ديب ئيعلان ئيتديلەر.

بوٓتن ساتسيياليزم هەم سەياسى كوٓرەش تاريحندان ماركس: دەولەت يوعالوٓرعا تييش بولوٓر، آنڭ يوعالوعا كوچو (دەولەتدەن دەولەت توگللككە كوچو) چوٓرينڭ فورماسى «حاكيم سينف بولوٓب اوٓيوٓشقان پروٓليتارييات» بولوٓر، ديگەن نەتيجەنى چعاردى. لاكين اول بو كيلەچەكدەگى سەياسى فورمالارنڭ نيچك بولاچاعى مەسئەلەسينە كرشمەدى. اول فرانسييەتاريحن جنتكلەب تيكشرو هەم 1851 نچى يل بيرگەن نەتيجە بلەن قەناعەتلەندى.

اول نەتیجەدە: ئش بورژووا دەولەت ماشیناسن جیمروگە جیتب بارا، جوٗملەسندەن عیبارەت ئیدی.

پرولیتارییات کوبچلیگینڭ ریۋالیوتسییە قوزعالشی باشلانعاچ، آنڭ جیکلووینە، ئەزعوٗموٗر سوٗروٗوینە هەم کوزگە بەرلوٗب توٗرعان زەعیفلیگینە قاراماسدان، مارکس، بو قوزعالشنڭ نیندی فورمالار تودروون ئوٗیرەنرگە توٗتندی.

کامموناـــ«نیهایت» پرولیتارییات ریۋالوتسییەسی تارافندان «تودرلعان» بر فورمادر. بوفورما آرقلی حزمەتنڭ ئیقتیسادی آزادلققا ئیرشووی موٗمکین بولاچاق.

کاممونا - پرولیتارییات ریۋالیوتسییەسینڭ بورژووا دەولەت ماشیناسن جیمررگە بولعان برنچی تالپنووی هەم «نیهایەت، تودرلعان» بر سەیاسی فورمادر. آنڭ بلەن جیمرلگەن بورژووا دەولەت ماشیناسن آلماشدررعا موٗمکین بولاچاق هەم بو تییشدە.

آلداعی یوللاردا بز 1905 هەم 1917 نچی یللارداعی روسییە ریۋالیوتسییەلەرینڭ باشقا توٗرلی ئەحوال، باشقا توٗرلی شارتلار ئچندە کاممونا ئشن دەوام ئیتدرگەنن هەم مارکسنڭ داهیلارچا بولعان تاریحی جنتکلەون راستلاعانن کورربز.

دورتنچی باب.

كاممونا توررنداعی مۇحاكەمەلەرنڭ دەوامی. ئەنگیلس قوشمتالاری.

ماركس كاممونا تەجریبەسی توررنداعی نەرسەلەرنی بیردی. ئەنگیلس ماركسنڭ تیكشرنو هەم چعارعان نەتیجەسن یاحشیراق آڭلاتو ئۈچن بو مەسئەلەگە بر نیچە مەرتەبەلەر توقتالدی. واقتی ــ واقتی بلەن ئەنگیلس اول مەسئەلەنڭ ئیكنچی یاقلارن تاعیدا آچعراق ئیتب آڭلاتقانلقدان، آلارعا آیرم آیرم توقتالورعا توری كیلە.

1. «كۋارتیرا مەسئەلەسی».

كۋارتیرا مەسئەلەسی حاقندا یازعان كیتابندا (1872 یلدا)، ئەنگیلس، ریۋالیوتسییەنڭ دەولەت توررنداعی بورچلارینا بر نیچە مەرتەبەلەر توقتالۇب، كاممونا تەجریبەسن حیسابقا آلا. كاممونا تەجریبەسینە قاراعاندا، قزق بر حال كورلە: پرولیتارییات دەولەتینڭ حەزرگی دەولەتكە اۋحشاعان یاقلاری، ئیكنچی تۈرلی ئەیتكەندە، هەر ئیكیسندە دەولەت توررندا سۆیلەرگە مۇمكینلك بیروچی یاقلار، ئیكنچیدەن، آلارنڭ بر برسندەن آیرلشا تۈرعان یاقلاری، یەئیسە، دەولەتنی بتروگە كوچو بیلگیلەری كوزگە بەرلب تۈرالار.

«كۋارتیرا مەسئەلەسن نیچك حەل قیلۇرعا كیرەك؟ حەزرگی زامان جەمغییەتندە بو مەسئەلە هەر بر ئیجتیماعی باشقا مەسئەلەلەر كبك ئوك: سۇراو هەم تەقدیمنڭ (Спрос и предложение) نڭ ئەكرنلەب

ئیقتیسادی تیگزلەنووی بلەن حەل قیلنا. بو مەسئەلەنی بو رەوشدە حەل قیلو
اول ئوزی آنی یاڭادان کیتەرب قویو بولا، یەعنی آنی بر تۆرلیدە حەل ئیتمی.
بو مەسئەلەنی ئیجتیماعی ریۋالیوتسییەنڭ نیچوك حەل قیلووی واقت
هەم اورنغا قارابقنا بولمیچا، بەلکی باشقا مەسئەلەلەر بلەن‌دە،
مەسەلەن، آلارنڭ ئیك ئەهەممیەتلیلەرندەن بولغان — شەهەر بلەن
اول آراسنداعی قارشیلقلارنی بترو مەسئەلەسی بلەن‌دە تق باعلانعان.
بز کیلەچەكدەگی جەمعییەتنڭ تۆزۆلشی نی رەوشدە بولۇرعا
تییشلكنی حەل قیلو حییالی بلەن‌باش واتارعا تلەمەگەنلیگبزدەن،
بو ئادا توقتالمیبز. تیك شولعنا آچق بیلگیلی: حەزرگی زامانڭ زوز
شەهەرلەرندە تۆررعا یاراقلی یۇرتلار جیتەرلك قەدەر کوب،
ئۆستا رەوشدە فایدالانعاندا، اول یۇرتلار بلەن تۆرو یۇرتلارینا
بولعان مۆحتاجلقنی شوندوق قابلارعا مۆمكین. حەزرگی یۇرت
حوجالارینا ئەكسپروپرییاتسییە یاساعانداعنا (یۇرتلارن تارتب آلعانداعنا)
هەم اول یۇرتلارعا كۋاتیراسز، یەئیسە، تعز كۋارتیرلاردا
تۆروچی ئشچیلەرنی کوچرگەندەگنە بو چارانی تۆرمشقا
ئوتكەرب بولاچاق. پرولیتارییات سەیاسی حاكیمییەتنی آلعاچ ئوق،
ئیجتیماعی فایدا مەنفەعەتلەری تارافندان قوشلعان یوعاریداعی چارادا،
باشقا ئەكسپروپرییاتسییەلەر هەم حەزرگی زامان دەولەتینڭ
كۋارتیرالار آلووی کبك جیكل باشقارلر».

بو اورندا دەولەت حاكیمییەتی فورماسینڭ ئوزگەرووی تو گل،
تیك آنڭ ئشیگنە قارالا. ئەكسپروپرییاتسییەلەر یاساو هەم كۋارتیرلارنی
آلو حەزرگی زامان دەولەتینڭ قوشووی بوینچادا ئشلەنە. پرولیتاوییات
دەولەتیدە كۋارتیرالار آلو هەم یۇرتلارعا ئەكسپروپرییاتسییە یاساو ئۆچن
رەسمی «بۇیرۇق» بیرە بلر. لاكین، ئیسكی ئیدارە آپپاراتینڭ بورژووازییە
بلەن باعلی بولعان چیناونیكلاری پرولیتارییات دەولەتی بۇیرۇقلارن
تۆرمشقا ئوتكەررگە یارامیلار. بو آب — آچق بیلگیلی.

«... بارلق حزمەت قۇراللارن، بۇتن ئيندوستريية (ئرى سەناعەت)نى ئشلەب-كۇن كوروچى حالق قولينا آلو بلەن پرودونڭ آلارنى «ساتۇب آلو وى» ئيكيسى بر برسينە بۇتنلەى قارشى ئيكەنن ئەيتب كيتەرگە كيرەك. سوڭعى تەقديردە، «ساتۇب آلعاندا» ــ هەر بر آيرم ئشچى يۇرتقا، كزيستييەن ئوز اوچاستكاسينا هەم حزمەت قۇراللارينا حوجا بولۇب كيتەلەر، ئە برنيچيدە ــ يۇرتلار، فابريكا ــ زاۋود هەم حزمەت قۇراللارينڭ حوجاسى «ئشلەب كۇن كوروچى حالقنڭ» بوتنسى بولا. يۇرتلار، فابريك ــ زاۋود هەم باشقالار، بيگرەكدە كوچو چۇرندا، آيرم كشى هەم شيركەتلەرگە فايدالانب توررعا بوشلاى بيرلرلەر ميكەن. شولايوق، جيرگە حسوسى ميلك بتو جير رينتاسن *) بترونى كورسەتمى، بارى، آنڭ، گەرچە باشقا فورماداراق بولسادا، جەمعيەتكە بيرلوون آڭلاتا. شولاى ئيتب، ئشلەب كۇن كوروچى حالقنڭ بارلق حزمەت قۇراللارينا حوجا بولو وى ياللانو هەم ياللاونى بترمى».

دەولەتنڭ ئولووندە ئيقتيسادى سەبەبلەر بولو مەسئەلەسن بز آلداعى بابدا قاراربز. ئەنگيلس: پروليتارييات دەولەتى، بيگرەكدە كوچو چۇرندا، كۋارتيرلارنى بوشلاى تاراتا آلۇرمى ئيكەن؟ ديب بيك ساقلانبقنا ئەيتە. بۇتن حالق ميلكندە بولعان كۋارتيرلارنڭ آيرم عائيلەلەرگە تولەو بەرابەرينە بيرلووى، ــ بو تولەو حاقينڭ آلنوون، آڭا بيلگيلى بر كانترول قويلونى هەم كۋارتيرلارنى بولگەندە نيندىدە بولسا بر نورما (چيك) قويلونى آڭلاتا. بولارنڭ بۇتنسى بيلگيلى بر دەولەت فورماسن تالاب ئيتسەدە، باشقالارعا قاراعاندا ئۇستن قويلعان تورەلەرى بولعان آيرم عەسكەرى هەم بيوراكرات آپپاراتنى تالاب ئيتمى. كۋارتيرلارنى بوش بيررلك حەلگە كوچو، بو ــ دەولەتنڭ بۇتنلەيگە «ئولووى» بلەن باعلى.

---

*) جيرگە حوجا بولعان ئوچن ئشلەمچە جير حاقى آلو.

کاممونا سوگندا، آنڭ تەجریبەسی تەئسیری آرقاسندا، بلانکیستلارنڭ توب مەسئەلەلەردە مارکسیزم قاراشینا کوچولەرن ئەیتب، اول پازیتسییەسانی ئەنگیلس شوشی سوزلەر بلەن آڭلاتا:

«... سینفلارنی هەم دەولەتنی بتروگە کوچ‌و ئوچن پرولیتاریاتنڭ سەیاسەتکە کرشووی هەم آنڭ دیکتاتوراسی کیرەکلگی».

سوزنیگنە تەنقید ئیتونی سویوچی قایبرەولەر، یەئیسە «مارکسیزمنی بوزوچی» بورژووالار «دەولەتنی بترو» نڭ ئوزن تانو بلەن «آنتی — دیورینگ» ئیسملی کیتابدان یوعاریدا کیترلگەن فورمولانی آنارحیستلارچا بولعانلی ئوچن تانیماو آراسندا، ئیحتیمال، ئوز سوزیکە ئوزڭ قارشی کیلو دیب قارارلار. آپپارتونیستلار مونا موڭا قاراب ئەنگیلسنی‌دە «آنارحیست» ئیسەبلەسەلەر، عەجەبلەنرگە بردە اورن بولماس ئیدی. چونکی حەزر ساتسییال — شاوینیستلار تارافندان ئینتیرناتسییانالیستلارنی آنارحیزمدە عەیبلەو بیك نق تارالوب بارا.

سینفلارنڭ بتووی بلەن دەولەتنڭ‌دە بتەچەگن مارکسیزم هەر واقت ئەیتە کیلدی. «آنتی — دیورینگ»نڭ هەر کمگە بیاـگیلی بولعان «دەولەتنڭ ئولووی» حاقنداعی اورنی آنارحیستلارنی دەولەتنی بترو یاقلی بولعانلاری ئوچنگنە عەیبلەمی، بەلکی آلارنی «بوگوندەن ئوك» دەولەتنی بتررگە مومکین دیب پروپاگاندا یاساولاری ئوچن عەیبلی.

مارکسیزمنڭ دەولەتنی بترو مەسئەلەسندە آنارحیستلارعا بولعان قاراشی حەزرگی واقتدا حوکوم سوروچی «ساتسییال — دیماکراتییە» نەزارییەسی (Доктрина) سی تارافندان بوتنلەی بوزولو سەبەبلی مارکس هەم ئەنگیلسنڭ آنارحیستلار بلەن بولعان پرپالیمیکاسن ئیسکە توشروب ئوتو فایدالی بولور.

2. آنارحیستلار بلەن بولغان پالیمیکا.

بو پالیمیکا 1871نچی یلدا بولدی. «آفتانومییەچی» پرودۇنیستلارغا، یەئیسە، «آنتی آفتاریتایستلار»غا قارشی مارکس هەم ئەنــگیلس ئیتالییە ساتسییالیستلاری مەجموعەسینە مەقالەلەر بیردیلەر. بو مەقالەلەر، باری، 1913نچی یلداغنا نیمسچەگە تەرجیمە ئیتلب„Heue Zeit"ژورنالندا باسلۇب چقدیلار. اول مەقالەلەردە مارکس آنارحیستلارنڭ سەیاسەتنی تانوماولارندان کۇلۇب، شول سوزلەرنی یازا:

«...ئەگەردە ئشچی سینفنڭ سەیاسی کۇرەشی ریۋالیوتسییەگە ئەیلەنسە، ئەگەردە ئشچیلەر بورژووا دیکتاتوراسی اورنینا ئوزلەرینڭ ریۋالیوتسییەچی دیــکتاتوراسن قویسالار، شونڭ بلەن آلار تۇب یولنی مسقل ئیتە تۇرغان زور جینایەت ئشلەگەن بولالار. چۆنــکی، قۇرال تاشلاب دەولەتنی بترەسی اورندا، ئوزلەرینڭ قزغانچ، توپاس، کۇنلك کیرەکلەرن ئوتەر هەم بورژووینڭ قارشی تۇروون سندرر ئۇچن ئشچیلەر دەولەتــکە ریۋالیوتسییەچیلك «هەم ئوزگەرە تۇرغان تۇس بیرگەن بولالار»...

آنارحیستلارنی رەد قیلۇب مارکس، باری، دەولەتنی مۇنا شوشندی رەوشدە بتروگە گنە قارشی کیلدی! سینفلارنڭ یوقغا چعووی بلەن دەولەتنڭ یوقغا چعووینا، یەئیسە، آلارنڭ بترلووی بلەن دەولەتنڭدە بتراووینە اول قارشی کیلمی، بەلکی بورژووازییەنڭ قارشی توروون سندرو ئۇچن ئشچیلەرنڭ قۇرال قوللانودان، ئۇیۇشقان رەوشدە کۇچلەو یاساودان، یەعنی مەقسەدقا ئیرشدرە تورغان دەولەتدەن قاچولارینا قارشی کیلە.

مارکس ئوزینڭ آنارحیستلار بلەن بولغان کۇرەشینڭ چن مەعناسن بۇزماسنلار ئۇچن پرولیتاریاتقا کیرەکلی بولغان «ریۋالیوتسییەچی هەم ئوزگەروچی تۇسدەگی» دەولەت کیرەك، سوزینە آیروچا توقتاب کیتە. پرولیتاریاتقا دولەت واقتلیەغنا کیرەك. دەولەتنی بترو مەسئەلەسندە،

آنڭ مەقسەد بولووی یاعنداں، بر آنارحیستلاردان بۇتنلەی آیرلمیبز. سینفلارنی بترو ئۇچن ئیزلـگەن سینفنڭ واقتلی دیکتاتوراسی کیرەك بولعان کبك، یوعاریدا ئەیتلـگەن مەقسەدقا ئیرشر ئۇچن دە، بزگە ئیکسپلاآتاتورلارعا قارشی دەولەت حاکیمییەتینڭ قۇراللاردان، ئەسبابلاردان هەم آنڭ تۇرلی یوللاردان واقتلی رەوشدە فایدالانو کیرەك، دیبز. مارکس مەسئەلەنی آنارحیستلارعا قارشی ئیڭ آچی هەم آچق یاقلاری بلەن قو یورەوشن سایلی: کاپیتال بوعاون ئۇزگەندەن سوڭ، ئشچیلەر «قۇرال تاشلارعا» تییشلیلەرمی؛ یە ئیسە، کاپیتالیستلارنڭ قارشی تۇرولارن سندرر ئۇچن شول قۇرالدان فایدالانورعا تییشلەرمی؟ بر سینفنڭ ئیکنچیسینە قارشی تەرتیبلی رەوشدە قۇرالدان فایدالانووی دەولەتنڭ «ئۇزگەرگەن فورماسی» بولمیچا نەرسە سوڭ؟ دی.

آنارحیستلار بلەن بولعان پالیمیکادا دەولەت مەسئەلەسن مین شوشلای قویدممی، دیب هەر برساتسییال دیماکرات ئۇزینە سۇآل بیرسن. ئەسوڭ، ئیکنچی ئینتىرناتسییانالدا تۇروچی رەسمی‌ساتسییا لیست پارتییەلەرنڭ زور کوبچیلـگی بو مەسئەلەنی بشولای قویدیلارمی؟

ئەنـگیلس شولوق فیکرلەرنی تاعیدا کیکرەك هەم حالق تلنچەرەك آڭلاتب بیرە. اول، هەر کمدەن ئلك، ئۇزلەرن «آنتی آفتاریتاریستلار» یەعنی، هەر بر آفتاریتیتنی، هەر بر تۇرلی باش ئییونی، هەر بر حاکیمییەتنی تانوماوچیلار دیب آتاعان پرودونیستلارداعی فیکر بوتالچعندان کۇلە. اول ئەیتە؛ فابریکلار، تیمر یوللار، آچق دیڭگزدە یۇزوچی پارا حودلارعا قاراڭز، ماشینالارنی قوللانو هەم کوب کشیلەرنڭ بیلـگیلی بر تەرتیب بوینچا ئشلەولەری نیگزینە قۇرولعان بو قاتلاولی تیحنیکا یورتلارینڭ هیچ برسی بیلـگیلی بر باش ئیبودەن، دیمەك، بیلـگیلی بر آفتاریتیتدان، یە ئیسە حاکیمییەتدەن باشقا ئشلی آلماعانلق آچق توگلمنی؟

«... مین ئیڭ اوسال آنتی آفتاریتاریستلارعا قارشی بو آرگومینتلارنی (دەلیللەرنی) کیتەرەم ئیکەن، آلار تیك توبەندەگی جەوابنعنا بیرە.

آلاچاقلار: «ئىيو! بو دۇرست، لاكىن بىت موندا سوز وەكىللە رىنزگە بىرلگەن آفتارىتىت توروندا توگىل، بەلكى تابشرلغان بىلگىلى بر ئش حاقندا بارا!»، دىيەرلەر. بو آدەملەر، هەر بر نەرسە ئىسمن ئوزگەرتلگەندە ئوزى دە ئوزگەرە دىب اويلىلار»...

شوشى رەوشدە آفتارىتىت هەم آفتانومىيە سوزلەرىنڭ مەعنەلەرى نيسبى (относительный) ئىكەنلگن، آلارنى قوللانو ئىجتىماعى تەرەققى باسقچلارىنڭ تۇرلەرىنە قاراب آلماشنغانن، آلارنى مۇتلاق (обсалютный) مەعنەلەرى بلەن قابول ئىتونڭ يارامانلغن، ماشينالارنى قوللانو هەم ئرى سەناعەت مەيدانىنڭ كىڭەيگەنلگن كورسەتكەچ، ئەنگىلس آفتارىتىت حاقنداغى عۇمومى سوزلەردەن دەولەت مەسئەلەسىنە كوچە.

اول يازا:

«ئەگەردە آفتانومىيەچىلەر: ئەيبرجىتشدرو شارتلارى مەجبور ئىتكەن بر چىكدەگنە كيلەچەكدەگى ئىجتىماعى ئويۇشما آفتارىتىتنى تانىياچاق، دىيەرگە تلەسەلەر ئىدى، اول واقتدا آلار بلەن كيلشبدە بولغان بولور ئىدى، لاكىن آلار آفتارىتىتنى كيرەكلى ياساغان فاكتلاردان كوز يومالار هەم آفتارىتىت سوزىنە قارشى قۇتۇرب كۇرەشەلەر.

آنتى آفتارىتارىستلار نى ئۇچن سەياسى آفتارىتىتقا، دەولەتكە قارشى قچقرو بلەنگنە قەناعەتلەنمىلەر؟ كيلەچەكدەگى ئىجتىماعى رىۋالىوتسىيە آرقاسندا دەولەت هەم آنڭ بلەن بركە سەياسى آفتارىتىتنڭ بتەچەگىنە بۇتن ساتسىيالىستلار ئشانالار، يەعنى آلار ئىجتىماعى ئشلەرنڭ ئوز سەياسى تۇسلەرن يوغالتوب، ساتسىيالىزم فايداسن كۇزەتوچى عادى آدمىنىستراتسىيە ئشلەرىنە ئەورلەچەگن بلەلەر. لاكىن آنتى آفتارىتارىستلار سەياسى دەولەتنى، آنى تودرغان ئىجتىماعى مۇناسەبەتلەرنڭ بترلوندەن آلدا، بر سوعو بلەن بترونى تالاب ئىتەلەر. آلار ئىجتىماعى رىۋالىوتسىيەنڭ برنچى ئشى ئىتب آفتارىتىتنى بترونى سۇريلار.

بوجگتلەرنڭ قاچاندا بولسا برەر ريۋاليوتسييەنى كورگەنلەرى بارمى ئيكەن؟ ريۋاليوتسييە — آفتاريتيت نيگزينە قورولعان نەرسەلەرنڭ دە آفتاريتيت نيگزينە ئيڭ كوب قورولعانى! چونكى ريۋاليوتسييە — ملتق، ئشتيك، توپلار، يەعنى ئيڭ آفتاريتيتلى قورالالار بلەن بر ئولوش حالقنڭ ئوز تلەگن ئيكنچى ئولوشكە قابول ئيتدرە تورعان بر آكتى (ئشى). شولايوق، جيڭگەن پارتييەدە ئوزحاكيمييەتن ريۋاليوتسييە دوشمانلارن (ريياكسيانيرلارنى) قورقتا تورعان قورالالار آرقيلى ساقلارعا چاراسز رەوشدە تييشلى بولا. ئەگەردە پاريژ كاموناسى بورژوواعا قارشى قورالانعان حالق آفتاريتيتنا تايانماعان بولسا ئيدى، اول بر كوندەندە آرتق يەشەر ئيديمنى؟ (ئەلبەتتە يەشەمەس ئيدى. تەرجيمەچى). كيرسنچە، بو آفتاريتيتدان بيك آز فايدالانعانى ئوچن پايژ كاموناسن شلتەلەرگە بزنڭ حاقىز يوقمنى؟ (ئەلبەتتە بار. تەرجيمەچى) شولاى ئيتب: يەئيسە آفتاريتاريستلار ئوزلەرينڭ نەرسەسويلەگەنلەرن بلميلەر، شوڭا كورەدە بوتيلار؛ يەئيسەبلب پروليتاريات ئشينە حييانەت ئيتەلەر. هەر ئيكى حالدە آلار، تيك، ريياكسييەگەگنە حزمەت ئيتەلەر».

بو موحاكەمەلەردە دەولەت ئولگەن واقتدا سەياسەت بلەن ئيقتيسادنڭ بربرسينە بولعان موناسەبەتلەرى مەوزوعندا قارالعا تييشلى بولعان مەسئەلەلەرگە قاعلعان (بو مەوزوعا آلداعى باب باعشلانا). ئيجتيماعى ئشلەرنى سەياسيلكدەن عادى آدمينيستراتسييە ئشلەرينە ئەورلدرو حاقنداعى هەم «سەياسى دەولەت» توريداعى مەسئەلەلەر مونا شولار. آڭلاشلماوچيلق چعووى بيك مومكين بولعان بو سوڭعى ئيكى سوز («سەياسى دەولەت») دەولەتنڭ ئولووى باروشن (процесс) كورسەتە. ديمەك، ئولە تورعان دەولەتنى، آنڭ بيلگيلى بر باسقچندا، سەياسى بولماعان دەولەت ديبدە آتارعا مومكين ئيكەن.

ئەنگيلس ئوتكەنلەرندەگى كبك، بو موحاكەمەسندەدە، مەسئەلەنى

تاعيدا آنارحيستلارعا قارشى كيترۆب قويا. ئەنگيلس شەكرتلەرى بولورعا تلەگەن ساتسييال ــ ديماكراتلار 1873 نچى يلدان بيرلى آنارحيستلار بلەن ميليون مەرتەبەلەر تالاشديلار. لاكين آلار مۇمكين هەم تييشلى بولعان رەوشدە ماركسيستلارچا تالاشماديلار. ئەنگيلس مەسئەلەنى: آنارحيستلارنڭ دەولەتنى بترو توروندا اعى اويلارى بوتالچق هەم ريۋاليوتسييەچە توگل، رەوشندە قويدى. آنارحيستلار ريۋاليوتسييەنى، آنڭ توعان واقتندا هەم ئوسۇشندە، كۆچلەوگە، حاكيمييەت آفتاريتيتينا، دەولەتكە بولعان مەحسوس بورچلارى بلەن كورر گەدە تلەمەديلەر.

حەزرگى زامان ساتسييال ــ ديماكراتلارى آنارحيزمنى تەنقيد ئيتودە «بز دەولەتنى تانيبز، ئە آنارحيستلارتانوميلار» رەوشندە ساف ميشچەنلەر ئەشەكيليگنە جيتديلەر. بيلگيلى، بوندى ئەشەكيلك ئەز ــ مەز آڭلى هەم ريۋاليوتسييەچى ئشچيلەرنى آلاردان قاچرا. ئەنگيلس بۆتنلەى باشقا نەرسە ئەيتە. اول ساتسييالىزم ريۋاليوتسييەسى سۇڭندا دەولەتنڭ يوققا چعوون بۆتن ساتسييا ليستلارنڭ تانۇعانلعن آيروچاكورسەتب كيتە. آندان سوڭ اول ريۋاليوتسييە مەسئەلەسن بيلگيلى بر رەوشدە قويا. عادەتدە آپپارتونيست ساتسييال ــ ديماكراتلار ريۋاليوتسييە مەسئەلەسن بو رەوشدە قويودان قاچالار هەم آنى ئشلەرگە آنارحيستلارعاعنا قالدرالار، دى. مەسئەلەنى بو رەوشدە قويو بلەن ئەنگيلس: كامموناعا دەولەتنڭ ريۋاليوتسييەچى حاكيمييەتندەن، يەعنى حاكيم سينف بولوب ئۆيۇشقان قۇراللانعان پرولېتارييات حاكيمييەتندەن كوبرەك فايدالانورعا ياراماس ئيدييمى؟ دى.

پرولېتارييانڭ ريۋاليوتسييە واقتنداعى بورچلارن بيلگيلەو مەسئەلەسندە كيلگەندە، حۆكۈم سوروچى رەسمى ساتسييال ــ ديماكراتييە، عادەتدە «آندا كۆرنور ئەلى» رەوشندە سافساتا ساتو بلەن قۇتلا كيلدى. شوڭا كورەدە آنارحيستلار ساتسييال ــ ديماكراتييەگە: سز ئشچيلەرگە ريۋاليوتسييە تەربييەسى بيرو توروندا اعى بورچڭزعا حييانەت ئيتەسز، ديب قارشى

كيلرگه حاق قازانالار ئيدى. ئەنگيلس بانكلار هەم دەولەت توروندا پرولېتارييات نيلەرئشلەرگە تيېشلكنى ئۆيرەنوئۆچن دەسوڭعى پرولېتارييات ريۋاليوتسييەسينڭ تەجريبەسندەن فايدالانا.

3. بيبيلگە يازلعان حات.

ماركس هەم ئەنگيلس ئەسەرلەرندە دەولەت مەسئەلەسى توروندا بولعان مۇحاكەمەلەرنڭ ئيڭ برنچيسى بولماسادا، آلارنڭ ئيڭ ياحشيلارندان برسى ئيتب ئەنگيلسنڭ 1875 نچى يل 18 — 28 نچى مارتدا بيبيلگە يازعان حاتينڭ توبەندەگى اورنن حيسابلارعا يارى. بو حات برنچى مەرتەبە بيبيلنڭ «مينم تۆرمشمدان» ئيسملى هيمووارينڭ ئيكنچى تومندا، 1911 نچى يلدا، يەعنى آنڭ يازلووينە هەم جيبەرلووينە 36 يل ئۆتكەندەن سوڭعنا باسلب چقدى.

ماركسنڭ گوتا پروگراماسى پرايكتن تەنقيد ئيتب براككەگە يازعان مەشهور حاتى كبك، ئەنگيلسدە شولوق پرايكتنى تەنقيد ئيتب بيبيلگە حات يازا هەم دەولەت مەسئەلەسينە آيرم توقتالب توبەندەگى سوزلەرنى ئەيتە:

«... حالقنڭ ئيركلى دەولەتى ئيركلى دەولەتكە ئەورلدى. بو سوزلەر، ئيركلى دەولەت ديب ئۆز گراژدانلارندان ئيركلى بولعان دەولەتكە ئەيتلگەنلكنى، يەعنى مۇستەبيد (ديسپوت) حۆكومەتلى دەولەتنى آڭلاتالار. بو لعرداونى كوبدەن تاشلارعا واقت ئيدى ئيندى: بيگرەكدە، چن مەعنەسى بلەن دەولەت ديب آتارعا مۇمكين بولماعان پاريژ كاممۇناسى سۇڭندا بو سافساتا سوزلەرنى تاشلارعا كيرەك ئيدى. ماركسنڭ پرودونعا قارشى يازعان كيتابندا، آندان سۇڭ «كاممونيستلار مانيفيستى» ندادا توريدان توريعا، ساتسيياليزمگە قۇرۇلعان ئيجتيماعى تۆزلش قويلو بلەن دەولەت ئۆز ئۆزندەن تارالاچاق هەم يوققا چعاچاق، ديب آچقدان آچق ئەيتلسەدە، آنارحيستلار «حالق دەولەتى»

سوزن كيرەگندەن آرتق بزنڭ كوزگە بەرە كيلديلەر. دەولەت دۇشمانلارنى كۆچ بلەن باسو ئۇچن كۆرەشو هەم ريۋاليوتسييە واقتندا فايدالانا تۇرعان واقتلى بر مۇئەسسەسەگنە بولعانلقدان، حالقنڭ ئيركلى دەولەتى حاقندا سۆيلەو بتونلەى مەعنەسزلكدر: پروليتارييات ئيرك ئۇچن توگل، بەلكى دۇشمانلارن باسترو ئۇچنگنە دەولەتكە مۇحتاج. ئيرك تورندا سويلەشرگە مۇمكينلك بولعاچ، ئيندى دەولەت دەولەت رەوشندە يەشەودەن توقتى. شونڭ ئۇچن‌دە بز دەولەت سوزى اورنينا هەر جيردە فرانسوزلارنڭ «كاممونا» سوزينە تورى كيلە تۇرعان ماتور، ئيسكى نيمس سوزى «آبشچينا» (Gemeinwesen) نى قۇللانونى تەقديم ئيتەــ ئيدك».

مۇندا، پارتييە پروگراماسن تەنقيد ئيتب 1875 نچى يل، 5 مايدا يازعان ماركس حاتندان بر نيچە آتنالارعنا سۆك جيبەرلگەن بو حاتنڭ شول اوق پارتييە تورندا بولۇون هەم بو واقتدا ئەنگيلس‌نڭ ماركس بلەن برگە لوندون‌دا تۇرعانن ئيسكە آلۇرعا كيرەك. شونڭ ئۇچن‌دە ئەنگيلس «بز» ديگەن سوزى بلەن ئوزى هەم ماركس ئيسمندەن نيمس ئشچى پارتييەسينڭ يولباشچيسنا پروگراماداعى «دەولەت» سوزن «آبشچينا» سوزى بلەن آلماشدررعا تەقديم ئيتە.

ئۇڭعايليلق ئۇچن «ماركسيزمعا» تۇرنــگەن حەزرگى زامانننڭ آپپارتونيست باشلقلارينا پروگرامانى شوشى رەوشدە تۇزەتو تەقديم ئيتلسە، آلار مۇگار «آنارحيستلق» ديب زور تاوش كوتەررلەر ئيدى.

ئەيدە تاوشلانسونلار. مۇنڭ ئۇچن آلارنى بورژووازييە ماقتار. ئە بز ئوز ئشبزنى ئشليك. حەقيقەتــكە يافنراق تۇرو، تۇرلى بۇزولاردان تازارتب ماركسيزمنى تۇزەتو هەم ئشچى سينفنڭ آزادلق كۆرەشن تورى يولعا سالو ئۇچن بزنڭ پارتييە پروگراماسن ياڭادان قاراعاندا ئەنگيلس هەم ماركس‌نڭ بو كيڭەشلەرى، ئەلبەتتە، ئيسكە آلنرعا تييشلى. ئەنگيلس هەم ماركس‌نڭ بو كيڭەشينە قارشى كشيلەر بالشۆيكلار آراسندا تابلماسدر.

تيك تيرمينده‌گنه (ئيستيلاح) بر آز آورلق بولۇر. «آبشچينا» مه‌عنه‌سنده نيمسچه ئيكى سوز بار. ئه‌نگيلس بولاردان آيروم آبشچينانى آ كْلاتا تۇرعانن آلمى، به‌لكى بۇتن آبشچينالارنى، آلارنڭ سيستيمالارن آلعان. روسچه بوندى سوز يوق، شونلقدان، بۇتۇتنله‌يوك ياراب جيتمه‌سه‌ده، فرانسوزچه بولعان «كاممونا» سوزن آلۇرعا تورى كيلۇر.

ئه‌نگيلس‌نڭ ئيڭ ئه‌هه‌ميه‌تلى نه‌زه‌رييه‌سى — «كاممونا چن مه‌عنه‌سى» بله‌ن ده‌وله‌ت توگل ئيدى» نه‌زه‌رييه‌سى ئيدى. يوعاريدا سۆيله‌نگه‌نله‌رده‌ن سوڭ بو بيك آچق. كاممونا كوبچيلكنى توگل، به‌لكى آزچيلق (ئيكسپلا آتاتورلار) نى باستروۋى سه‌به‌بلى ده‌وله‌تلكده‌ن چقدى. اول بورژووا ده‌وله‌ت ماشيناسن واتدى، آيرم باسترو كۆچى اورنن حالق ئوزى آلدى. بولار باريسى ده‌وله‌تده‌ن چيگو ديگه‌ن سوز. ئه‌گه‌رده كاممونا نعى قالسا، اول واقتدا ده‌وله‌ت ئزله‌رى ئوز ئوزنده‌ن «يوعالرلار»، آڭا ده‌وله‌ت مۆئه‌سسه‌سه‌له‌رن «بترگه» كيره‌ك بولماس ئيدى. چۆنكى، ئشله‌رگه ئش قالماعاچ، اول مۆئه‌سسه‌سه‌له‌ر ئوز ئوزله‌رنده‌ن توقتالرلار ئيدى.

ئه‌نگيلس: «حالق ده‌وله‌تى» سوزى بله‌ن آنارحيستلار كوزيبزنى آچرميلار، دى. اول بو سوزله‌رى بله‌ن باكونين‌نى هه‌م آنڭ نيمس ساتسييال — ديما كراتلارينا ياساعان هۆجومله‌رن كوز آلدندا تۇتا. «حالقنڭ ئيركلى ده‌وله‌تى» كبك «حالق ده‌وله‌تى» نى چاقلى مه‌عنه‌سزلك هه‌م ساتسييالزمده‌ن چيگنو بولسا، باكونيننڭ هۆجومله‌رى‌ده ئه‌نگيلسچه شول چاقلى دۆرست ديب تابيلا. ئه‌نگيلس نيمس ساتسييال — ديما كراتلارينڭ آنارحيستلارعا قارشى بولعان كۆره‌شله‌رن تۆزه‌ترگه، اول كۆره‌شنى ئه‌ساسه‌ن دۆرست يولعا سالۇرعا، آنى «ده‌وله‌ت» مه‌سئه‌له‌سنده آپپارتونيستلارنڭ پريدرازسود كالارندان تازارترعا ترشا. لاكين بو ترشو بوشقا چعا. ئه‌نگيلسنڭ حاتى 36 يل بويينا سوكنا آستندا قالا. ئه‌نگيلس‌نڭ حاتى باسلب چققاندان سوڭدا اول كورسه‌تكه‌ن حاتالارنى كاوتسكى‌نڭ قات — قات ته‌كرارلاعانن توبه‌نده كورربز.

1875 نچی یلنڭ 21 نچی سینتەبرندە بیبیل ئەنگیلسکە جەواب بیرە. اول حاتندە بیبیل ئەنگیلسنڭ پرۇگراما پرایکتن تەنقیدینە «تەمامەن قوشلعانن» هەم یومشاقلق کورسەتکەنی ئۇچن لیبکنیحتقا آچولانعانن یازا. لاکین بز بیبیلنڭ «بزنڭ مەقسودلار» دیگەن کیتابن آلوب قاراساق، آنڭ دەولەت توروندا بۇتنلەی دۇرست مۇحاکەمە یاسی آلماعانن کورربز. اول: «دەولەت سینفی حاکیمییەت ئەساسینە قۇرۇلعان دەولەتدەن حالق دەولەتینە ئەورلرگە تییشلی»، دی.

بیبیل کیتابینڭ حەتتا 9 نچی باسماسندادا شولای یازلعان! شوڭا کورەدە، ئەنگیلسنڭ ریڤالیوتسییەچە بولعان آگلاتولاری سوکنا آستینا سالنعان چاقدا، ئە بۇتن تۇرمش حەللەری ریڤالیوتسییەدەن «بیزدروچی» بولعان واقتدا،آپپارتونیستلارنڭ دەولەت توروندا عی مۇحاکەمەلەرینڭ نیمس ساتسییال ــ دیماکراتلارینا سڭب قالووینا بردە عەجەبلەنرگە اورن یوق.

4. ئەرفورت پروگراماسی پرایکتن تەنقید ئیتو.

1891 نچی یلنڭ 29 ئیيوننده کاوتسکی گە جیبەرلگەن هەم اون یل اوزعاندان سۇڭعنا „Heue Zeit“ دە باسلوب چقعان ئەرفورت پروگراماسی پرایکتن تەنقید ئیتب یازلعان ئەنگیلس سوزلەرن مارکس تەعلیماتینڭ دەولەت مەسئەلەسی توروندا عیسی تیکشرلگەندە بر یاق چیتدە قالدرۇب بولمی. چۇنکی اول تەنقیددە کوبرەك ساتسییال ــ دیماکراتییەنڭ دەولەت تۇزۇلشی مەسئەلەسندە بولعان آپپارتونیست قاراشلارینا قاعلب کیتلە.

سوز اوڭعایی کیلگەندە ئەنگیلسنڭ ئیقتیساد مەسئەلەلەری توروندادا بیك قیمەتلی بر قوللانما بیرگەنلگن ئەیتب ئۇتەرگە کیرەك. اول قوللانما ئەنگیلسنڭ ئیڭ یاڭا کاپیتالیزم تۇرلەرندەگی ئوزگەرشیندە ئەهەمییەت بیرب، نق تیکشرب تۇرعانلعن هەم شول سەبەبلی بزنڭ زامان ئیمپیریالیزمی چۇرینڭ مەقسودلارندا بر قەدەر آلدان کورە آلعانلیعن بلدرە. مۇنە اول

قوللانما: كاپيتاليزمنىڭ ئۆزىنەگىنە مەخسۇس بولغان سىفاتنى بىلگىلەۋ ئۈچۈن پروگرامما پرايېكتىندا قوللانىلغان «پلانلىلىقنىڭ يوقلىغى» سوزلەرى توروندا ئەنگىلس شۇلاي يازا:

«... ئەگەردە بىز آكسىيە جەمعىيەتلەرىدەن (آكس. اوپشچىستۋا) بۈتىن بىر سەناعەت تارماغى ئۆزىنە باش ئىدرە هەم ئۆز ماناپولىيەسىنە آلا تۇرعان تريستلەرگە كوچسەك، اول چاعىندا خسۇسى ئەيبىر جىتشدروگىنە توگىل، حەتتا پلانلىلىقنىڭ يوقلىغىدا بتەر».

بو قوللانما بلەن ئىڭ ياڭا كاپيتاليزم، ئىكىنچى تۈرلى ئەيتكەندە، ئىمپېريالىزمگە نەزەرى قيمەت بيرو نىگزى كورسەتلگەن، كاپيتاليزم ماناپولىيە كاپيتاليزمىنا ئەوريلە دىيلگەن. ماناپولىيە كاپيتاليزمى سوزلەرىن يورى زور حرفلەر بلەن يازابز، چۈنكى بورژووا ئىسلاحچىلارنچا، ماناپولىيە كاپيتاليزمى، يەئيسە دەولەت ماناپولىيەسى كاپيتاليزمى ئىندى كاپيتاليزم توگىل، بەلكى آنى ئىندى «دەولەت ساتسىيالىزمى» ديب سانارعا بولا، ديگەن حانا اوى بيك نق تارالعان. تريستلار تولى بر پلانلىلقنى بيرمەديلەر، حەزرگە قەدەر بيرە آلميلار هەم بيرمەسلەردە. لاكين آلار پلانلىلق كورسەتەلەر، كاپيتال پادشالارى (ماگناتلارى) ميللى، يەئيسە بۈتىن دۈنيا كولەمىندە ئەيبىر جيتشدرونىڭ چاماسىن بلەلەر هەم اول ئەيبىر جيتشدرونى بيلگيلى بر پلان بوينچا تورمشقا توتكەرەلەر ئيكەن، بز، آنىڭ ياڭا بر باسقچندا بولسادا، هامان كاپيتاليزمدا قالابز. موندى كاپيتاليزمنىڭ ساتسىيالىزمگە «ياقنلعى» چن پروليتارييات وەكيللەرى ئۈچۈن ساتسىيالىزم رېۋاليوتسيەسىنىڭ ياقنلعينا، جيڭىللگىنە، آنى تورمشقا ئۈتكەرونىڭ مومكينلگىنە هەم آنىڭ كيچكدرلميچە ياسالووينا دەليل بولورعا تييش. كيرسنچە، بۈتىن ئىسلاحچيلارنىڭ (ريفارميستلارنىڭ) بو رېۋاليوتسيەنى تانوماولارينا، كاپيتاليزمنى ماقتاولارينا تورۈب تۇروعا دەليل بولماسقا تييش.

ئىندى دەولەت مەسئەلەسىنە كيلەيك. بو توريدا ئەنگىلس آيرم قيمەتكە ماليك بولعان ئۈچ تورلى قوللانما بيرە: برنچيسى — جۆمهورىيەت مەسئەلەسى؛

ئيكنچيسى ــ ميللەت مەسئەلەسينڭ دەۋلەت تۈزۈلشى بلەن بولعان باعلانشى؛
ئۈچنچيسى ــ جيرلى ئيدارەلەر.

ئەنگيلس ئەرفورت پرۈگراماسى پرايكتن تەنقيد ئيتكەندە جۇمهو-
رييەت مەسئەلەسن تەنقيدينڭ ئۆزەگى ئيتب آلدى. ئەگەردە بز ئەرفورت
پروگراماسينڭ بۈتن دۇنيا ساتسييال- ديماكراتييەسى آراسندا
نيندى ئورن تۇتقانلعن، آنڭ بۈتن ئيكنچى ئينترناتسيانالعا ئورنەك
پرۈگراماسى بولعانن حەترلەسەك، هيچ بر آرتقرميچا، ئەنگيلس
بۈتن ئيكنچى ئينترناتسيانال آپپارتونيزمن تەنقيد ئيتدى ديەرگە بولا.

ئەنگيلس يازا:

«پرۈگراما پرايكتينڭ سەياسى تالابلارندا زور جيتشسزلك بار.
آناردا ئەيتۇرگە تييشلى نەرسەنڭ ئيڭ كيرەكلسى يوق».

ئەنگيلس نڭ مۇندان سۇڭعى سوزلەرندەن، گيرمانييە كانستيتوتسييە-
سينڭ 1850 نچى يلنڭ ئيڭ قارا كانستيتوتسييەسى كوپييەسى بولعانلعى،
رەيحستاگنڭ، ۋيلهيلم ليبكنيحت ئەيتكەنچە، «آبساليوتيزمنى ئۈرۈتب
تۇروچى ناچارپەردەگنە» ئيكەنى هەم واق دەولەتلەرنى، نيمس واق
دەولەتلەرى سايوزن تانونى زاكون حۇكمينە كرتە تۇرعان كانستيتوتسييەگە
تايانب« بۈتن حزمەت قوراللارن عۇموم ميلكينە ئەورلدرو»نى تۇرمشقا
اوزدرو توريندا اويلاو كورنب تۇرعان مەعنەسزلك» بولعانلق آڭلاشلا.

گيرمانييەدە جۇمهورييەت بولسن، تالابن پروگرامادا رەسمى
رەوشدە قويارعا يارامانلقنى ياحشى بلگەن ئەنگيلس: «بو مەسئەلە-
گە قاعلو قورقنچلى» دى. لاكين « بۈتنسى »قەنەعەتلەنە تۇرعان
بو آچق سەبەبكە ئەنگيلس بۈتۈنلەيوك كونب جيتمى. اول سوزندە
دەوام ئيتب ئەيتە: «لاكين، هەر حالدە ئش توقتالب قالماسقا تييش.
بۇنڭ نى دەرەجەدە كيرەكلگن ساتسييال، ديماكراتييە
مەتبوعاتينڭ كوبرەگندە تارالعان آپپارتونيزم بيك آچق كورسەتە.
ساتسييالستلارعا قارشى چعارلعان زاكوننڭ ياڭادان چعارلووندان

قورقب، يەئيسە بو زاكون حۇكۇم سۇرگەندە واقىندان ئلىك ئەيتلگەن قايبر سوزلەرنى حەترلەب، گيرمانييەدەگى حەزرگى تەرتيبنى پارتييەنڭ بۇتن تالابلارن تنچ رەوشدە تۇرمۇشقا ئوتكەررگە ئيرك بيرە، ديب پارتييەدەن تانۇتماق بولالار»...

گيرمانييە ساتسيپال ديماكراتلارينڭ ئوزلەرى توزنداعى آيرۇم زاكوننڭ ياكارتلووندان قورقولارن ئەنگيلس برنچى پلانعا قويا هەم تايچانميچا آنى آپپارتونيزم ديب آتى. گيرمانييەدە جۇمهورييەت هەم ئيرك يوقلق سەبەبلى «تنچ» يول حاقنداعى حيياللارنى چن مەعنەسز لكدەن سانى. ئەنگيلس ئوزينڭ قوللارن بەيلەمەسلك دەرەجەدە ساق اول، جۇمهورييەت، يەئيسە زور ئيركگە ئييە بولعان مەملەكەتلەردە ساتسيياليزمگە تنچقنا ئيرشونى «ئويلارعا» (تيك اويلارعانا) بولادى».

گيرمانييەگە كيلگەندە ئەنگيلس شول سوزلەرنى سۇيلى:

«... رەيحستاگ هەم زاكون تۇزۇچى باشقا مۇئەسسەسەلەرى چن حاكيمييەتنى ئوز قوللارندا تۇتا آلماعان، دييەرگە يارى، بارلق كوچ حۇكومەت قولندا بولعان گيرمانييەدە ساتسيياليزمگە تنچقنا ئيرشرگە اويلاو آبساليوتيزمدان (مۇتلاق مانارحييەدەن) ناچارپەردەنى ئرعتب تاشلاو هەم آنڭ شەرەلگن قابلاونى ئوز ئوستيگە آلو بولاچاق»...

ئەنگليسنڭ بو قوللانمالارن سوكنا آستينا تقعان گيرمانييە ساتسيپال - ديماكراتلارى پارتييەسينڭ رەسمى يولباشچيلارى كوبچيلگى چنلابدا آبساليوتيزمنى قابلاب تورۇچى پەردە بولديلار.

«... مۇندى سەياسەت آقتق چيكدە پارتييەنى ياڭلش يولعا توشررگە مۇمكين. آلار برنچى پلانعا عۇمومى، آبستراكتنى، سەياسى مەسئەلەلەرنى قويالار هەم شولاى ئيتب، برنچى زور واقيعە، برنچى سەياسى كريزسدە ئوك ئوز ئوزندەن كۇن تەرتيبينە قويلا تۇرعان هەم آشعچ رەوشدە چيشلونى تالاب ئيتە تۇرعان مەسئەلەلەرنى ياببقالدرالار. مۇندان نەرسەچعار. پارتييە ئيڭ اوڭعايسز واقتدا ئيسكەرمەسدەن

یارده مچیسز قالر ، آلدان چیشلب قویلرعا تییشلی مه‌سئه‌له‌ر هیچ بر تیکشرلمه‌گه‌نلکده‌ن، پارتییه‌ده‌بر‌لك بولماس، تومانلیلق حوکوم‌سورر...

کونِنك بر مینوتلق مه‌نفه‌عه‌تی ئوچن بویوك، نیگزگی اویلارنی بو اونوتو، بو بر مینوتلق جیگو آرتندان چابو هه‌م آلار ئوچن آحرن ئیسه‌بله‌میچه کوره‌شو، بو — آلدا بولاچاق قوزعالشنی حه‌زر گیسینه قوربان ئیتو، بولکی « چن » سه‌به‌بله‌ر ئوچن ئشله‌نه تورعاندر . لاکین بو — آپارتونیستلق هه‌م آپپارتونیستلق بولوب قالوردا. « چن » آپپارتونیستلق ئیسه، باشقالارندان قورقنچلیراقدا بولور..

ئه‌گه‌رده هیچ شیکسز بولعان بر نه‌رسه بولسا، اول دا: بزنك پارتییه هه‌م ئشچی سینفنك دیماکراتییه جومهورییه‌تی کبك فورما آرقلیعنا حاکیمییه‌تکه کیله آلووی. دیماکراتییه جومهورییه‌تی کبك سه‌یاسی فورما پرولیتارییات فورماسیناعنا مه‌حسوس بولعان بر فورما. مونك شولای ئیکه‌نلیگن بویوك فرانسوز ریڤالیوتسییه‌سی بزگه بیك آچق کورسه‌تدی»...

مارکس‌نك بارلق ئه‌سه‌رله‌رنده قزل جب بولوب سوزلعان توب ئیدییه‌نی بو اورندا ئه‌نگیلس تاعندا آچعراق ئیتب ته‌کرارلی. اول ئیدییه شوندان عیباره‌ت: دیماکراتییه جومهورییه‌تی پرولیتارییات دیکتاتوراسی ئوچن ئیڭ توری‌بر یول. چونکی موندی جومهورییه‌ت کاپیتال حاکیمییه‌تن، کوبچیلکنك ئیزلوون هه‌م سینفی کوره‌شنی بترمی، کیرسنچه آنی تاعیدا نعراق کیکه‌یته، کوچه‌یته توشه. ئه ئیکنچی یاقدان، ئیزلگه‌ن کوبچیلکنك توب تله‌کله‌رن‌ئوته‌وگه مومکینلك توعا. بو مومکینلك ئیسه پرولیتارییات دیکتاتوراسی، ئیزلگه‌ن کوبچیلککه پرولیتارییاتنك یولباشچیلق قیلووی آرقلیعنا بارلققا کیترله. بوتن ئیکنچی ئینتیرناتسییانال ئوچن مونه بولاردا مارکسیزمنك « اونوتولعان سوزله‌ری ». 1917 نچی یلداعی روس ریڤالیوتسییه‌سینك برنچی یارتی یلنداعی مینشیڤیکلار تاریحی بو اونوتونی بیگره‌کده آچق کورسه‌تدی.

حالقنڭ تۇرلى ميللەتلەردەن بولووينا باعلانعان فيديراتسييەلى جۇمهورييەت مەسئەلەسى توروندا ئەنگيلس يازا:

«حەزرگى گيرمانييە اورنندا نەرسە بولۇرعا تييش؟» (رييا كسيەچى مانارحييە كانستيتوتسييەسى هەم ئوز چيگينە كرگەن واق دەولەتلەرنى بۇتن بر گيرمانييەدە يۇتو ئورنينا، «پروسا كلكنى» مەنگيلكگەئەيلەندرگەن رييا كسييەچى بولنشى بولعان واق دەولەتلەردەن تۇرعان گيرمانييە اورنندا). «مينمچە، پروليتارييات برلەشكەن هەم بولنمى تۇرعان جۇمهورييەت فورماسنعنا قابول ئيتە آلۇر. فيديراتسييەلى جۇمهورييەت، حەتتا حەزرگى واقتداا، بيك كوب جيرلى تۇن ياق قوشما آميريكادادا عۇمومەن كيرەكلى تانلا. لاكين اول آنڭ كۇن چعش ياعنداعنا بر آز يايسزلى. ئيكى اوتراودا دورت تۇرلى ميللەت يەشەگەن، پارلامينتى بر بولوعا قاراماسدان، بر رەتدەن اۇچ تۇرلى زاكون چعارو اورگۇنى بولعان آنگليە ئۇچن دە فيديراتسييەلى جۇمهورييەت بر آدۇم آلعا آتلاو بولۇر ئيدى. فيديراتسييەلى جۇمهورييەت بەلەكە يگنە شۋيتسارييە ئۇچندە كوبدەن اوكايسزلق قيلا. ياوروپا دەولەتلەرى آراسندا بيك بەلەكەى اورن تۇتقانلعى ئۇچنگنە فيديراتسييەلى جۇمهورييەت ئيدارەسى شۋيتسارييەدە يەشەتلە. گيرمانييەنى فيديراتسييەلى شۋيتسارييە ياساو، زور آدۇم آرتقا آتلاو بولاچاق. سايوزلى دەولەت بۇتنلەى برلەشكەن دەولەتدەن ئيكى نۇقتادا آيريلا: برنچيلەى، جينايەت (Уголовное) زاكونلارن چعارو اورگونى هەم ئوزينە آيرم سودى بولا؛ ئيكنچيلەى، حالق پالاتاسى بلەن بر رەتدەن دەولەتلەر وەكيللەرندەن تۇزۇلگەن پالاتا يەشى. اول پالاتاعا هەر بر كانتون، زور هەم كچكنەلگينە قاراماسدان، باشقالار بلەن بر تيگز تاوش بلەن كرە». گيرمانييەدەگى سايوزلى دەولەت — بۇتنلەى برلەشكەن بر دەولەتكە كوچودر. شونڭ ئۇچۇندە 1866—1870 نچى يللاردا آندا «يوعاريدان ياسالعان ريۋاليوتسييە» نى آرتقا بۇرماسقا، بەلكى آنى «توبەندەن بولعان قوزعالش» بلەن توترعا كيرەك.»

ئەنگېلس دەولەت فورمالارى توغرىسىدىكى مەسىلەگە ساللىق قاراش بىلەن قارامى، بەلكى اول ھەر بىر آيرىم واقىعەنىڭ بېلگىلى-تارىخى آيرىمالارىنا قاراب، بېلگىلى بىر فورمانىڭ نىمە يەدەن نىمەگە كوچكەنىن ھىسابلار ئۈچۈن كوچو فورمالارنى جىنتەكلەب تېكشىروگە سوڭ دەرەجەدە ئەھمىيەت بىرە.

ئەنگېلس، ماركس كىبىك، پرولېتارىيات ھەم پرولېتارىيات رېۋالىيوتسىيە-سى كوزلەگەندەن قاراب، دېمو كراتىيە تسېنترالىزمىن (مەركەزىيەتن)، بىرلەشكەن ھەم بولنمى تۇرغان جۇمھورىيەت فورماسىن ياقلى، فېدېراتسىيەلى جۇمھورىيەتكە ئەنگېلس بىر مۇستەسنا ھەم تەرەققىگە اوڭايسىزلاو دىبىكنە. يەئىسە بېلگىلى بىر آيرىم شارتلاردا مانارخىيەدەن تسېنترالىزم نىگىزىنە قۇرۇلغان جۇمھورىيەتكە كوچو، «بىر آدۇم آلغا آتلاو» دىبىكنە قارى. مۇنا شوشى آيرىم شارتلار ئچندە مىللەت مەسئەلەسى توۋا.

ئەنگېلس، ماركس كىبىك ئوك، آلار تار افندان واق دەولەتلەر رىياكسىيە، چىلىگى ھەم اول رىياكسىيە چىلەكنىڭ بېلگىلى واقتلاردا مىللەت مەسئەلەسى بىلەن اۇرتلووى نق تەنقىد ئېتلوگە قاراماسدان، مىللىيەت مەسئەلەسىنە قول سلتەرگە آزغنادا تلەمى. ئوز «واق» دەولەتلەرىنىڭ تار مېشچەنلىك مىللەتچىلىگىنە قارشى، حاقلى اولاراق، كۇرەشو نوقتاسىندان قاراوچى گاللاندىيە ھەم پولشە ماركسىستلارى بو توريدا ياڭلشلقلار ياسىلار.

جۇغرافى شارتلار، تل بىرلىگى ھەم كوب يۈز يىللارنىڭ تارىخى آيرىم واق بولنشلەرندەگى مىللىيەت مەسئەلەسىن «چىشكەن»، دىب ئەيتۇرگە ياراغان آنگلىيەدە دە مىللىيەت مەسئەلەسى چىشلىب بتمەگەن، دى ئەنگلىس ھەم شونڭ ئۈچن دە فېدېراتسىيەلى جۇمھورىيەتنى آنگلىيە ئۈچن «بىرآدۇم آلغا آتلاو» دىب ھىسابلى. بېلگىلى، مۇنىڭ بىلەن ئەنگېلس، فېدېراتسىيەلى جۇمھورىيەتنىڭ جىتشسىزلىكلەرن تەنقىيددەن ھەم بىرلەشدرلگەن تسېنترالىزملى دېمو كراتىيە جۇمھورىيەتى فايداسىنا پروپاگاندا (ئۈندەو) ياساودان، مۇنىڭ ئۈچن كۇرەشودەن قاچارغا اويلامىدا.

لاكىن دېمو كراتىيە تسېنترالىزماسى سوزن ئەنگېلس نىچكدە ئىندى

بورژووازییه هەم واق بورژووازییه (آنارحیستلار سوتسیالارعا کرەلەر) ئیدییالوگلاری قوللانعان بیۇروکراتییه مەعنەسندە آڭلامی. ئەنگیلس قاراشنداعی تسینترالیزم کیك رەوشدە جیرلی ئیدارەلەر توزوگە هیچدە قارشی کیلمی. اول جیرلی ئیدارەلەر «کاممونا» هەم ئولکەلەرنڭ ئوزلەری ملەب دەولەت برلەگن قویولاری آرقاسندا، ئەلبەتتە، هەر بر تورلی بیۇروکراتیزمنی هەم یوعاریدان تورۆب «بویورو» نی بترەچەك.

مارکسیزمنڭ دەولەتکە بولعان توب قاراشلارن کیکەیتە توشب ئەنگیلس یازا:

«... شولای ئیتب برلەشدرلگەن جومهورییەت کیرەك. لاکین اول جومهورییەت، 1798 نچی یلدا توزلگەن ئیمپیراتورسز ئیمپیرییادەن هیچ بر تورلی آیرماسی بولماعان حەزرگی واقتداعی فرانسییه جومهورییەتی مەعنەسندەگی جومهورییەت توگل. 1792 نچی یلدان آلب 1798 نچی یلعاچا هەر بر فرانسوز دیپارتامینتی، فرانسییەدەگی هەر بر آبشچینا (Gemeinde) آمیریکاداعی کبك تولی حوقوقلی جیرلی ئیدارە بلەن فایدالاندی، بو بزدەدە بولورعا تییش. جیرلی ئیدارەلەرنی نیچك توزورگە کیرەکلگنی هەم بیوروکراتییەدەن باشقا نیچك تورورعا مومکینلگنی بزگە آمیریکا هەم برنچی فرانسییه جومهورییەتی کورسەتدی هەم ئیسبات ئیتدی. کانادا، آفسترالییا هەم آنگلییەنڭ باشقا کالونییەلەری حەزرگی واقتدا بونی کورسەتب تورالار. ئولکە هەم آبشچینالارنڭ موندی جیرلی ئیدارەلەری هەر بر کانتونی بوتن فیدیراتسییه (بوند)دەن بوتنلەی دییەرلك آیرم یەشەگەن، شولایوق، ئویەز (بەتسیرك)هەم آبشچینادان دا آیرم بولعان شویتسارییه فیدیراتسییەسینە قاراعاندا، تاعبدا ئیرکلیرەك موئەسسەسەلەردر. کانتون حوکومەتلەری ئویەز ئیسپراۋنیکلەرن (ئشتاتگالتیرلارنی) هەم شەهەر باشلقلارن بیلگیلیلەر، ئە ئەنگلیز تلندەگی مەملەکەتلەردە بو نەرسەلەر بوتنلەی یوق هەم کیلەچەکدە بزدە بو نەرسەلەرنی پروسییە لاندرات هەم

دەگیرونگسراتلارن (کامیسار، ئسپراۋنیك، گوبیرناتۇر، ئوُمومەن یوعاریدان بیلگیلەنگەن چیناۋنیکلەرنی) قەتعی رەوشدە بترگە تییشبز. شۇشیگا قاراتا ئەنگیلس پرۇگرامانڭ جیرلی ئیدارەلەر توغرىداعی ماددەسن توبەندەگیچە یازارعا تەقدیم ئیتە :«ئوُمومی سایلاو حقوقی بلەن سایلانعان تورەلەر آرقیلی پرۇۋینتسییە (گوبیرنییە، اوبلاست)، ئویەزهەم آبشچینالارعا تورلی جیرلی ئیدارەلەر بیرلرگە؛ دەوەت تارافندان بیلگیلەنگەن بۇتۇن ئورنلار هەم پرۋۋینسییەلەردەگی تورە (ۋلاست) لەر بترلر».

کیرنسکی هەم باشقا «ساتسییالیست» مینیسترلار حوُکومەتی تارافندان یابلعان «پراۋدا» گەزیتەسندە (1917 نچی یل، 28 نچی مایدا چقعان 68 نچی نومیردا) میگا ئوزلەرن ریۋالیوتسییەچی دیماکراتییەنڭ ساتسییالیست وەکیللەری دیب آتاعانلارنڭ بو ماددەدە (ئشولایوق باشقا ماددەلەردەدە) دیماکراتیزمدان بیك نق یراقلاشقانلقلارن بر نیچە مەرتەبەلەر کورسەترگە توری کیلدی. ئەلبەتتە، ئیمپیرییالیست بورژووازییە کاپالیتسییەسی «برلەشو» بلەن باعلانعان کشیلەر بزنڭ کورسەتولەربزگە قولاق سالمادیلار.

بو اورندا، قولندا کوب فاکتلار توُتوُب، ئیڭ دۇروست میسال بلەن ئەنگیلس: فیدیراتسییەلی جۇمهورییەت تسینترالیزملی جۇمهورییەتکە قاراعاندا زورراق ئیرکنی آڭلاتا، دیگەن مەشهور ئرمنڭ (پریدراسسودکانڭ)، بیگرەکدە واق بورژووا دیماکراتییەسی آراسندا توبسزلگن ئیسبات ئیتکەنلگن آیروچا کورسەتب کیتەرگە کیرەك. اول پریدراسسوُدکا — ... 1792 — 1798 نچی یلعی فرانسییە جۇمهورییەتی هەم فیدرا- تسییەلی سویسارییە جۇمهورییەتی توُرندا ئەنگیلس تارافندان کیترلگەن فاکتلاربوگا گوُواه. فیدیراتسییەلی جۇمهورییەتکە قاراعاندا چن تسینترالیزملی دیماکراتییە جومهورییەتی ئیرکنی کوبرەك بیرە. ئیکنچی تورلی ئەیتکەندە: تاریحدا بیلگیلی بولعان ئیڭ کوب جیرلی ئیرکنی اوبلاست هەم باشقالارعا فیدیرا-

تسييەلى جۇمهورييەت توگل، بەلكى تسينترالىزملى جۇمهورييەت بىرگەن ئىدى.
بو حەلگە، شولايوق، فيديراتسييەلى هەم تسينترالىزملى جۇمهورييەتدە جيرلى
ئيدارەلەر مەسئەلەرينە بزنڭ پارتييە ئوزينڭ پروپاگاندا هەم آگيتاتسييەسندە
تيىشنچە ئەهەمييەت بيرمەدى هەم بيرمىدە ئەلى.

5. ماركسنڭ «گراژدانلار سوعشى» كيتابنا 1891 يـلدا يازلعان سوز باشى.

«فرانسييەدە گراژدانلار سوعشى» ئيسملى كيتابينڭ 3 نچى باسماسينا
يازعان سوز باشندا (1891 يلنڭ 18 نچى مارتى تاريحلى بو سوز باشى
برنچى مەرتەبە «نويى تسەيت» ژورنالندا باسلب چقدى) ئەنگيلس دەولەتكە
بولعان مۇناسەبەت بلەن باعلانعان مەسئەلەلەرگە چيتلەبرەككنە بولسادا
نق قاعلب كيتو بلەن برگە، كاموناسابا قلارينا آچق ئيتب يەكون ياسى.
يازوچيسن كامونادان آيرعان يگرمى يللق بر عومورنڭ تەجريبەسى
بلەن تيرەنەيتلگەن هەم گيرمانييەدەگى «دەولەتكە بولعان سوقر اوشانو»عا
قارشى آيروچا يونەلدرلگەن بو يەكوننى، هيچ شوبهەسز، ماركسيزمنڭ
آلدبزداعى مەسئەلەلەر توركنداعى سوڭعى سوزى ديب آتارعا يارى.
ئەنيگلس ئەيتە:

فرانسييەدە هەر بر ريۋاليۋتسييە سوڭندا ئشچيلەر قوراللانعان
بولالار ئيدى. «شوڭڭ ئوچن دەولەت ئيدارەسى باشندا تورعان
بورژوواعا ئشچيلەرنى قورالسزلاندرو برنچى بورچ سانالادر ئيدى.
شوڭا كورەدە، ئشچيلەر سوعشب آلعان هەر بر ريۋاليۋتسييە سوڭندا
ئشچيلەرنڭ جيڭلووى بلەن بتە تورعان ياڭاكورەش باشلانا ئيدى»...
بورژووا ريۋاليۋتسييەلەرى تەجريبەلەرينڭ يەكونى نى چاقلى كوڭ
نەرسە آڭلاتسا، شول چاقلى قسقا بولالار. ئشنڭ ئوزەگى بو اورندا دەولەت
مەسئەلەسى توركندادا (ئيزلگەن سينفدا قورال بارمى، سوآلى) عەجەب ياحشى
ئلەكترلگەن. بورژووازييە ئيدييالوگييەسى بلەن سوعارلعان پروفيسورلاردا،

شولايوقۋاق بورژووا ديماكراتلارىدا مۇنا بو ئوزەككە كوب ۋاقتدا قاعلميلار.
1917 نچى يلعى روسييە ريۋاليوتسييەسندە بورژوا ريۋاليوتسييەلەرينڭ بو
سرن «آچب بيرو» شەرەفى (كاۋيىنياك شەرەفى) ئوزن «ماركسيست» ديب
آتاعان «مينشيۋيك» تسريتيلى گە ئلەكدى. تسيريتيلى ئوزينڭ 9 نچى ئييوندە
سويلەگەن «تاريحى» نۇتقندا بورژووازييەنڭ پيترئشچيلەرن قۇرالسزلاندررعا
قەرار قيلولارن ئەيتب سالدى. ئەلبەتتە، اول بو قەرارنى ئوزى هەم بۇتن
«دەولەت» نۇقتاسندان كيرەكلى ئيتب كورسەتدى.

تسيريتيليڭ 9 نچى ئييوندە سۇيلەگەن تاريحى نۇتقى، ئەلبەتتە،
1917 نچى يل ريۋاليوتسييەسى تاريحن يازوچيعا تسيريتيلى ئەفەندى
يولباشچيليعى آستندا بولعان ئەسئەر هەم مينشۋيكلار برلگينڭ (بلوك)
ريۋاليوتسييەچى پروليتارييانقا قارشى تورر ئوچن بورژووازييە ياعينا
نيچك چققانن جانلى رەوشدە كورسەتب بيرە تۇرعان بر كارتينا بولۇر.

ئەنگيلسنڭ دەولەت مەسئەلەسينە باعلى بولعان ئيكنچى بر سوز
اوكائينداعنا ئەيتب كيتكەن ئيسكەرمەسى دين حاقندا ئيدى. گيرمانييە
ساتسييال - ديماكرتييەسينڭ كۇندەن كۇن نعراق آپپارتونيستلاشب، چرى
توشكەن ساين، «دين هەر بر كشينڭ حسوسى ئشى» ديگەن فارمولانى ياكلش
آكلاو سافساتاسينا تۇشكەندەن تۇشە بارعانى بزگە بيلگيلى. بو فارمولا:
گويا، ريۋاليوتسييەچى پروليتارييات پارتييەسى ئۇچندە دين شەحسى ئش!!
رەوشندە آكلاتلدى. پروليتارييانڭ ريۋاليوتسييە پروگرامماسينا بولعان مۇنا
شول زور حييانەتكە ئەنگيلس قارشى كوتەرلدى. 1891 نچى يلدا ئەلى
آكا ئوز پارتييەسى ئچندەگى آپپارتونيزمنڭ باشلانعچنعنا كوررگە تۇرى
كيلدى. شونلقدان اول ئوزينڭ بو توريداعى قاراشن بيك ساقلانبقنا ئەيتدى:

«كاممونادا ئشچيلەرگنە ديەرلك، يەئيسە ئشچيلەرنڭ چن
وەكيللەرى بولۇب تانلعان كشيلەرگنە اوترعانلقدان، آنڭ قەرارلارىدا
چن پروليتارييانچا ئيدى. بو قەرارلار، جۇمهورييەتچى بورژووانڭ
قورقاقلعى آرقاسندا تۇرمۇشقا ئوتكەرلمەسەلەردە، ئشچى سينفنڭ ئيركلى

رەوشدە ئش كـورووى ئۇچن كيرەكـلى بولعان نيگزنى بيروچى ئيسلاحاتلار (ريفورمالار) نى زاكون ياساديلار. دەولەتكە قاراعاندا دين حسوسى ئش، ديگەن پرينسيپنڭ تۇرمشقا اوزدرلووىدا شول جۇملەدەن ئيدى. چۇنكى كامموناً ئشچى سينف مەنفەعەتى ئۇچن توريدان تورى كيرەك بولعان هەم ئيسكى ئيجتيماعى تەرتيبنى قايبر ياقلارى بلەن نق كيسب كرە تۇرعان قەرارلار چعاردى.»

«دەولەتكە قاراعاندا» ديگەن سوزلەرنى ئەنگيلس يورى زور حەرفلەر بلەن يازعان. چۇنكى اول آلاربلەن، پارتييەگە قاراعاندا دينى حسوسى ئيتكەن نيمس آپپارتونيزمينڭ يۇزينە بەرونى كوز آلدندا توتا. چونكى اول آپپارتونيزم مونڭ بلەن ريۋالوتسييەچى پروليتارييات پارتييەسن دينسزلككە كۇنە، لاكين حالقنى آحماق ياساوچى دين ئەفييونينا قارشى پارتييەنڭ كۇرەشو مەقسودلارندان قاچا تۇرعان، مەعنەسز «حۇر فيكرلى» ميشچەنلەر دەرەجەسينە تۇشرە.

گيرمانييە ساتسيال ديماكراتلارينڭ تاريحن يازاچاق تاريحچى، آلارنڭ 1914نچى يلداعى حور بولب جيمرلولەرينڭ سەبەبلەرن تيكشرگەندە بيك قزقلى ماتيريالارعا اۇچرایاچاق. اول ماتيريالار پارتييە يولباشچيسى كاوتسكينڭ مەقالەلەرندە بولعان آپپارتونيستلققا كيرب ئيشك آچوچى آوماقاى بلدرولەر بلەن باشلانب، پارتييەنڭ 1913 نچى يلداعى «ديندەن آيرلو قوزعالشينا» بولعان قاراشى بلەن تەماملانا.

حەزرگى كامموناداڭ سوڭ يگرمى يل ئوزعاچ، ئەنگيلسنڭ كۇرەشوچى پروليتارييات ئۇچن كامموناً ساباقلارينا نيچك يەكون ياساوينا كيليك.

ئەنگيلس مۇنا نيندى ساباقلارنى برنچى پلانعا قويا:

«... مۇنا شول، 1798نچى يلنى ناپاليون تارافنداڭ تۇزۇلگەن، ئلككى مەركەزلەشدرلگەن حۆكومەتنڭ ئيزرو حاكيمييەتى — آرمييە، سەياسى پاليتسييە، بيوراكراتييە پاريژدا يعلعان كبك بۇتن فرانسييەدەدە يعلرعا تييش ئيدى. شول 1798 نچى يلدان باشلاب، هەر بر ياڭا

حۇكومەت بو حاكىمىيەتنى ئۆزىنە كېرەكلى قۇرال ئېتىب آلا كىلدى
هەم ئۆزىنىڭ دۇشمانلارىنا قارشى آندان فايدالاندى.

كاممونا، برىنچى كۇندەن ئوك، حاكىمىيەتكە اوترعاچ دا، ئىشچى سىنفىنىڭ ئىسكى دەولەت ماشىناسى بلەن كۇن كوردآلماياچاعن، شولا- يوق آنىڭ ياڭاعنا سەوعشب آلعان حاكىمىيەتنى قولندان يبەرمەس ئۇچن، بر ياقدان، موڭار چاقلى ئوزىنە قارشى قوللانعان ئىسكى ئىزرو ماشىناسن بتررگە، ئىكنچى ياقدان، بۇتن دىپوتات هەم چىناونىكلارعا قارشى، هيچ بر آيرماسز، آلارنى تلەگەن واقتدا آلماشدرلا آلا تورعان ئىتب قويب ئوزن تەئمىن ئىتەرگە تيىشلىگن ئەيتورگە كېرەك ئىدى. . .»

ئەنگىلس قات ـ قات ئەيتە، مانارخيەدەگنە توگل، حەتتا ديماكراتييەجۇمهورييەتندەدە دەولەت دەولەت بولوب قالا، يەعنى ئوزىنە آيرم بولعان تۇب سيفاتن ساقلى: حۇكومەت اورنلارنداعى كشيلەرنى ـ «جەمعييەت ياليلارن»، جەمعييەت اورگونلارن ـ آنىڭ ئوزىنە حوجالارياسى ئەدى.

مۇڭا، بو كۇنگە قەدەرى بۇتن دەولەتلەردە بولب كيلگەن، دەولەت هەم دەولەت اورگونلارىنىڭ جەمعييەت ياليلارندان جەمعييەت حوجالارينا ئەورلولەرىنە قارشى كاممونا ئيكى دۇرست چاراقوللاندى. برنچيلەى، كاممونا بارلق اورنلارعا ـ ئىدارە، سود، حالق مەعارىفى ئىشلەرينە ـ عومومى سايلاو حۇقوقى بلەن سايلانعان كشيلەرنى بيلگيلەدى هەم آلارنى سايلاوچيلارنىڭ قەرارلارى بلەن تلەگەن واقتدا كيرى آلو مۇمكينلك حۇقوقن كرتدى. ئىكنچلەى، كاممونا بۇتن حۇكومەت اورنلارنداعى كشيلەرگە، يوعارى هەم توبەن اورنلاردا بولولارينا قاراماسدان، باشقا ئىشچيلەر آلا تورعان خزمەت حاقنعنا تولەدى. كاممونا تولەگەن ئيڭ زور ژالونيە 6000 فرانك ئىدى.

شولاى ئىتب، جلى اورن هەم كارييرا آرتندان چابوعا قارشى ئىشانچلى كيرتە قويلدى. مۇنىڭ ئۇستينە، اول، ديپوتاتلارعا تيكشرو (ئيمپيراتيڤنى) ماندا تلارى دا بيردى» . . .

ئەنگېلس مۇندا ئېنىڭ قىزىق چېكىكە ياقىنلاشا، اول چېكىدە چن دېماكراتىيە، بر ياقدان، ساتسىيالىزمگە ئەورلە، ئىكىنچى ياقدان، اول ساتسىيالىزمنى تالاب قىلا. چۈنكى دەولەتنى بترو ئۈچۈن دەولەت ئىشلەرى زور حالق كوبچىلىگى، ئە سوڭندان بۈتن حالق ئۆتى آلا تورعان عادى كانترول هەم حىسابلاو ئىشلەرىنە ئەورىلۈرگە تىيىش. ئە ئىيندى كارىيراچىلىقنى بۈتنلەيگە بترو ئۈچۈن، ئىڭ زور ئىركىكە ئىيە بولعان كاپىتالىست مەملەكەتلەردە هەر واقت بولۇب تۇرا تورعان رەوشدە كىلىرسز «فەحرى» دەولەت اورنلارىنىڭ بانك هەم آكسىيە شىركەتلەرندەگى كبك زور كىلر كىترە تۇرعان اورنلارعا سىكررگە كوپر بۇلۇب حزمەت ئىتوون يوعالترعا كىرەك.

لاكىن، ئەنگېلس، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئۆزلەرن بىلگىلەولەرى مەسئەلەسندە قايبر ماركسىستلار ياسى تۇرعان: اول ئۆز ئۆزڭنى بىلگىلەو كاپىتالىزم زاماننىدا مۈمكىن توگل، ئە ساتسىيالىزم زامانىندا كىرەك توگل، دىگەن حاتانى ياسامى. موندى، ئۆتكن ئەيتلگەن كبك بولسادا، چنلاب قاراعاندا ياڭلش بولعان اوينى هەر بر دېماكراتىيە مۆئەسسەسى تورندادا تەكرارلاب بولا؛ آنى چىناۋنىكلارعا بىرلە تۇرعان ژالونيە توركىدا سۆيلەرگە مۈمكىن. چۈنكى چن دېماكراتىزمنىڭ كاپىتالىزم زاماننىدا بولووى مۈمكىن توگل، ئە ساتسىيالىزم زاماننىدا ئىسە، بارلق دېماكراتىيە بتە.

بو — ئەگەردە كشىنىڭ باشنداعى چەچندەن بر بۇرتۇك چەچى كىم بولسا، اول كشى پلەشكە ئەيلەنەمى، يوقمى، دىگەن سافساتاعا اوحشى.

دېماكراتىيەنى **آحرىنا چاقلى ئۆسدرو**، بو ئۆسدرونىڭ **فورمالارن** ئىزلەب تابو، آلارنى تۇرمۇشدا سناب قاراو هەم باشقا شونديلارنى ئىشلەو — بولار بارسىدا ئىجتىماعى رېۋاليۇتسىيە ئۈچۈن كۈرەش مەقسودلارىنىڭ برەرسى. ئۆزىنگنە آلعاندا هىچ بر تۈرلى دېماكراتىزم ساتسىيالىزمنى بىرمى، لاكىن تۇرمۇشدا دېماكراتىزم بر واقتدا «ئۆزىگنە» آلنمى، كىرسنچە، اول باشقالار بلەن «برگە آلنا» هەم ئىقتىسادقادا ئۆز تەئسىرن يۈرتە، آنىڭ ياڭادان

تۈزۈلشىنە سەبەبچى بولا، ئۆزى ئىقتىسادى ئۇسش ھەم باشقالار تەئسىرىنە بىرلە. جانلى تارىخ دىيالىكتىكاسى مۇنا شولاى بولا.

ئەنگىلس سوزندە دەوام ئىتب ئەيتە:

«. . . ئىسكى دەولەت حاكىمىيەتىنىڭ بۇ شارتلاووى ھەم آنىڭ چن دىياكراتىيە حاكىمىيەتى بلەن آلماشدرلووى «گراژدانلار سوعشى» ئىسملى كىتابىنىڭ اوچنچى بولگندە تولى رەوشدە يازلعان ئىدى. لاكىن بو اورندا بو آلماشدرلونىڭ قايبر نۇقتالارىنا توقتالرعا كىرەك بولدى. چونكى گىرمانىيەدە دەولەتكە بولعان سوقر ئشانو فەلسەفەدەن ئۇتب بورژووازىيە، حاتتا كوبكنە ئشچىلەرنىڭدە آڭلارىنا كوچدى. فىلاسوفلارنىڭ (بورژووازنى) تەعلىماتى بويىنچا، دەولەت — «ئىدىيەنىڭ بارلققا كىترلووى» ، دىگەن سوز؛ فەلسەفەتلنچەئەيتكەندە: بو — جىردەگى حۇداى پادشالىعى بولا؛ تاعىدا دۇرسترەگى، دەولەت — حەقىقەت ھەم عەدللك بارلققا كىترلە تۇرعان، يە ئىسە كىترلرگە تىيشلى بولعان بر مەيدان بولۇب چعا. مۇنا شوندان دەولەت ھەم دەولەتكە باعلانشى بولعان بۇتن نەرسەلەرگە سوقرلارچا عنا حۇرمەت ئىتو كىلب چعا. كشيلەر بالا واقتلارندانوق بۇتن جەمعيەت ئۇچن ورتاق بولعان ئش ھەم مەنفەعەتلەرنىڭ ئىسكى يول بلەنگنە، يەعنى دەولەت ھەم جلى اورنلار بولەك ئىتلگەن چيناۋنيكلاردان باشقا ئۇتەلو ھەم ساقلانولارى مۇمكىن توگل دىب اويلارعا كونكگەنلكلەرندەن، بو سوقرچا ئشانو بيگرەك جيگل تامرلانا. كشيلەر نەسلدەن نەسلگە كوچە تۇرعان مانارحيىەگە ئشانودان آيرۇلب، دىياكراتىيە جومھورىيەتى ياقلى بولۇب ئەورلونى زور آدۇم آلعا كىتو، دىب ئىسەبلىلەر. چىندا ئىسە، دەولەت بر سىنفنىڭ ئىكنچىسن ئىزو ماشىناسى، باشقا برنى توگل. بو ئىزو ماشىناسى بولوچىلق دىياكراتىيە جۇمھورىيەتندەدە مانارحيىەگە قاراعاندا بردە كىم توگل. ئىڭ كيمندە دەولەت — سىنفى حاكىمىيەت ئۇچن كۇرەشدە جيڭگەن پرولىتارىياتقا مىراس

رەوشندە کوچە تورعان یاوزلق. پاریژ کاممونا سی کبگوك، جیگگەن پرولیتاریات‌دا یا گا هەم ئیرکلی ئیجتیماعی شارتلار ئچندە ئوسكەن يەش بوون دەولەتچیلك سەلەمەسن بۇتنلەی ئرعتب تاشلاعـانعا چاقلی، بو یاوزلقنڭ ناچار یاقلارن شوندوق کیسب تاشلارعا مەجبور بولور.»

مانارحییەنی جۇمهورییەت بلەن آلماشدررعا توری کیلە قالعاندا، عۇمومەن دەولەت مەسئەلەسی تورنداعی ساتسییالیزم نیگزلەرن اونتماسقا تییشلك حاقندا ئەنگیلس نیمسلەرگە آلدانوق کیکەش بیروب قویدی. آنڭ بو کیکەشی ئوزلەرینڭ «کاآلیتسییە» تەجریبەلەرندە دەولەتکە سوقر-چاسینا ئشانوهەم شوندی حۇرمەت کورسەتکەن سیریتیلی هەمچیرنوفلارعا حەزرندە توریدان توری ساباق بولۇب تۇشکەن ئیسەبلەنە!

تاعن ئیکی ئیسکەرمە: 1) ئەگەردە ئەنگیلس، دەولەتنڭ «بر سینف قولندا ئیکنچی سینفنی ئیزو ماشیناسی» بولوچیلعی دیماکراتییە جۇمهورییەتندە دە مانارحییەدەگیدەن «بردە کیم توگل» دی ئیکەن، موندان آنارحیستلار «آگلاعانچا» ، ئیزو فورماسی پرولیتارییات ئۇچن آیرماسز دیب ئیسەبلەرگە یارامی. سینفی کۇرەش هەم سینفی ئیزونڭ تولیراق، ئیرکلیرەك هەم آچیراق بولعان رەوشی عۇمومەن سینفلارنی بترر ئۇچن بولعان کۇرەشدە پرولیتارییاتقا زور جیگلك بیرە.

2) دەولەتچیلك سەلەمەسن بۇتنلەی ئرعتب تاشلارعانی ئۇچن یەش بوونـنگعنا قولندان کیلۇر؟ بو مەسئەلە دیماکراتییەنی بترو مەسئەلەسی بلەن باعلانعان، بر حەزر مۇنا شول مەسئەلەگە کوچەبز.

6. دیماکراتییەنی بترو توروندا ئەنگیلس.

«ساتسییال — دیماکرات» ئیسمینڭ فەنی یاقدان دۇرست توگللگن سۇیلەگەندە ئەنگیلسکە بر رەتدەن بو مەسئەلەگەدە قاعلرعا توری کیلدی.

ئەنگیلس، کوبرەگی «بۇتن دۇنیا» مەسئەلەلەری توروندا 1870 نچی یللاردا تۇرلی مەوزوعلاردا یازلعان مەقەلەلەری مەجموعەسینڭ سوز باشندا

(بو سوز باشی 1894 نچی یلنڭ 3 نچی عینوارنداٍ یەعنی اول ئولودەن یل یارم ئلك یازلعان) «ساتسییال ــ دیماکرات» اورنینا «کاممونیست» سوزلەرن قویدم. چوٗنکی فرانسییەدە پرودوٗنچیلار، گیرمانییەدە لاسسالچیلار ئوزلەرن ساتسییال ــ دیماکرات دیب آتیلار، دی.

« . . . شوڭا کورە مارکس بلەن میڭا ــ دی ئەنگیلس ــ بزنڭ ئوز قاراشبزنی بلدرو ئوٗچن کوب مەعنە آڭلاتا توٗرعان سوزنی قوللانو هیچ بر موٗمکین توگل ئیدی. حەزرگی واقتدا مەسئەلە ئیکنچی تورلیرەك: گەرچە بو سوز («ساتسییال ــ دیماکرات» سوزی) ئیقتیسادی پروگراماسی عوٗمومەن ساتسییالیستلارچاعنا بولمیچاٍ بەلکی بوٗتنلەی کاممونیستلارچا بولعان بر پارتییە ئوٗچن توری کیلب ئوك بتمەسەدە، سوڭعی سەیاسی مەقسودی بوٗتن دەولەتنی، دیمەك، دیماکراتییەنیدە بترو بولعان پارتییە ئوٗچن ئیحتیمال یارارداٍ. شولایدا چن سەیاسی پارتییەلەرنڭ ئیسملەری بر واقتدادا ئوزلەرینە توری کیلب ئوك بتمی؛ چوٗنکی پارتییە ئوسەٍ، ئە ئیسمی شول کیلش قالا».

دییالیکتیکەچی ئەنگیلس آحرعومرندەدە دییالیکتیکەچی بولوب قالاٍ. مارکس بلەن بزنڭ ــ دی ئەنگیلس ــ پارتییەنڭ ئیسمی فەنی یاقدان بیك دوٗرست ئیدی، لاکین اول ئوزی چن پرولیتارییات کوبچیلیگی پارتییەسی توگل ئیدی. حەزرگی واقتدا (XIX عەسر آحرندا) چن پارتییە بار، لاکین آنڭ ئیسمی فەنی یاقدان دوٗرست توگل. زارار یوق. تیك، پارتییە ئوسسنگنەٍ، ئیسمینڭ فەنی یاقدان دوٗرست توگللگی آنڭ ئوزینە یەشرن بولماسن هەم آنارعا دوٗرست یول بلەن ئوسەرگە اوڭایسزلاماسن!

بەلکی برەر اوینچاق کشی تابلب بزٍ، بالشوٗیکلارنیدا ئەنگیلس کبك یوواترعا ماتاشر؛ چوٗنکی بزنڭدە پارتییە بار، اول عەجەب یاحشی ئوسە: «زارار یوق» 1903 نچی یلدا بزنڭ بروسسیل ــ لوٗندن ئیسیزدندە کوبچیلك آلووبز سەبەبلیگینە بزگە تاعلعان هەم باشقا هیچ نەرسە

آڭلاتمى تۇرعان مەعنەسز، ئيلەمسز «بالشيۋىك» ئيسمى‌دە «يارار»، دييەر. حەزر، جۇمهورييەتچيلەر هەم «ريۋاليوتسييەچى» ميشچەنلەر دىماكراتييەسينڭ بزنڭ پارتييەنى ئييول هەم آۋعوست آيلارنداعى قسولارندان سۇڭ، «بالشيۋىك» سوزى بۇتن حالق آلدندا حۇرمەت قازانعاچ، اول قسولار بلەن بزنڭ پارتييەنڭ ئوسشى چڭلابدا زور تاريحى آدۇم آلعا كيتكەنليگى بيلگيلەنگەچ، بەلكى، مين‌دە آپريل آيندا پارتييەنڭ ئيسمن آلماشدرو توركندا ياساعان تەقدىيمدە ئيكيلەنگەن بولور ئيدم. ئيحتيمال، مين، ئوز ئيبدەشلەريمە «اوستوپكا» ياساب: پارتييەنڭ ئيسمن، كاممونيستلار پارتييەسى ديب آتاب، ئەقەوەس ئچندە «بالشيۋىك...» سوزن قالدررعا كۆنگەن بولور ئيدم.

لاكين ئيسم مەسئەلەسى ريۋاليوتسييەچى پروليتارييانڭ دەولەتكە بولعان مۇناسەبەتى مەسئەلەسينە قاراعاندا ئەهەمييەتسزرەك.

دەولەت توركندا بولعان موحاكەمەلەردە عادەتدە هەر واقتدا ئەنگيلس تارافندان ساقلانورعا قوشلعان هەم يوعاريدا بزنڭ تارافدان كورسەتلب كيتكەن حاتا ياسالا، اول‌دا: دەولەت بترلو ــ دىماكراتييەدە بترلو هەم دەولەتنڭ ئولووى ــ دىماكراتييەنڭ‌دە ئولووى بولعانن هەر واقت اونوتالار.

بولاى ديب ئەيتو، برنچى قاراشدا بيك عەجەب هەم آڭلايشسز كبك تويۇلا. حاتتا قايبرەولەرنڭ، بز آزچيلقنڭ كوبچيلككە بوى سۇنووى بولماعان بر ئيجتيماعى توزۇلش كيلونى كوتميبزمى، ديب قورقولارى مۇمكين. چۇنكى دىماكراتييە شوشى پرينسيپنى تانودان عيبارەت بيت؟

يوق. دىماكراتييە آزچيلقنڭ كوبچيلككە بوى سۇنووينا اوحشاعان نەرسە توگل اول. دىماكراتييە آزچيلقنڭ كوبچيلككە بوى سۇنوون تانوعان دەولەت، يەعنى بر سينفنڭ ئيكنچيسن، بر ئۇلوش حالقنڭ ئيكنچى ئۇلوشنى تەرتيبلى رەوشدە كۆچلەو ئويۇشماسى ديگەن سوز.

بز ئوزیمزنڭ سۈڭعی مەقسودیمز ئیتب دەولەتنی، یەعنی ئۈیۈشقان هەم تەرتیبلی رەوشدە بولعان كۆچلەونی، عۆمومەن آدەملەرنی كۆچلەونی بتیرونی قویابز. بز آزچیلقنڭ كوبچیلككە بوی سۈنووی بولماعان ئیجتیماعی تۈزۈلشنڭ کیلوون كۆتمیمز. لآكین بز، ساتسیالیزمگە ئمتلب، آنی كاممونیزمگەچە جیتكروگە ئشانابز. مۆنڭ بلەن برگە، عۆمومەن كشیلەرنی كۆچلەو، برەونڭ ئیكنچیسینە، حالقنڭ بر ئۆلۆشینڭ ئیكنچی ئۆلۆشینە بوی سۈنووی بۆتنلەی بتەچەك. چۆنكی كشیلەر كۆچلەو هەم بوی سۈنودان باشقادا عادی ئیجتیماعی تەرتیبلەرگە ریعایە ئیتوگە عدەتلەنرلەر.

مۆنا شول عەدەتلەنونی آیروچا كورسەتب كیتو ئۆچن ئەنگیلس «یاڭا، ئیركلی، ئیجتیماعی شارتلار ئچندە ئوسكەن هەم دەولەتچیلك سەلەمەسن — هەر بر دەولەتچیلكنی، شول جۆملەدەن دیماكراتییە جۆمهورییەتی دەولەتچیلگندە «بۆتنلەیگە ئرعتب تاشلارعا قولندان كیلە تۆرعان» یەش بوون توردا سۆیلی.

بونی آڭلاتو ئۆچن دەولەت ئولونڭ ئیقتیسادی سەبەبلەرن تیكشررگە كیرەك.

بيشنچى باب.

دەولەت ئۇلونڭ ئيقتيسادى سەبەبلەرى.

بو مەسئەلە ئيڭ ياحشى ئيتب ماركس تارافىدان، آنڭ «گوتا پرۇگراماسن تەنقيد» ئيسملى كيتابىدا آڭلاتلغان (ماركسنڭ 1875 نچى يلنڭ 5 نچى مايندا براككەگە يازغان حاتى؛ بو حات «نوەتسەيت» ژورنالينڭ I—IX نوميرلارندا تيك 1891 نچى يلداعنا باسلدى؛ روسچاعا تەرجمەسى آيرم كيتاب بولۇب چقدى). لاسسالچيلارنى تەنقيددەن، عيبارەت بولعان بو عەجەب ياحشى ئەسەرنڭ پاليميكا بوليگى، آنڭ ئيڭ كيرەكلى ئۇلۇشن: كامموني‍زمنڭ ئوسۇشى بلەن دەولەتنڭ ئولووى آراسنداعى باعلانشنى جنتكلەب تيكشرگەن اورنن قابلى، كولەگەلى تۇشدى.

1. مەسئەلەنى ماركس نيچك قويا؟

ماركس تارافندان 1875 نچى يلنڭ 5 نچى مايندا براككەگە يازلعان حات بلەن يوعاريداعى 1875 نچى يلنڭ 28 نچى مايندا ئەنگيلس تارافندان بيبيلگە يازلعان حاتنى ئوسدەنگنە چاعشدورب قارالسا، ماركس ئەنگيلسكە قاراعاندا كوبرەك «دەولەتچى» هەم بو ئيكى يازوچينڭ دەولەت مەسئەلەسينە بولعان قاراشلارنداعى آيرما زورعنا كبك تويۇلورعا مۇمكين.

ئەنگيلس بيبيلگە دەولەت توروندا عى سافساتانى بۇتنلەيگە تاشلارعا، دەولەت سوزن «آبشچينا» سوزى بلەن آلماشدرب، آنى پرۇگرامادان چعاررعا كيرەكدى؛ ئەنگيلس، كاممونانڭدا چن مەعنەسى بلەن

دەولەت بولماغانىن سوزلىلى. ئە ماركس ئيسە، «كاممونيزم جەمعيەتينىڭ كيلەچەكدەگى دەولەتچيليـگى» توروندادا سويلى، ئيكنچى تۇرلى ئەيتـكەندە اول دەولەتنىڭ حاتىنا كامونيزم چۇرندادا كيرەكلـگن تانوعان كبك بولا.

لاكين، بو رەوشچە قاراش ئەساسەن دۇرست توگل. ياقنراق كيلب قاراعاندا، ماركس بلەن ئەنـگيلسنىڭ دەولەت هەم آنىڭ ئولوويىنە بولعان قاراشلارينىڭ بر برسينە اوحشاعانلعى كورنە. ماركسنىڭ يوعاريدا كيترلـگەن سوزلەرى ئيسە، مۇنا شول ئولوچى دەولەتچيلك توروندا سۇيلەنـگەنلەر.

بيلـگيلى، كيلەچەكدە بولاچاق اول ئولونىڭ قايچان بولاچاعن ئەيتب بولمى. چۇنـكى اول ئولو بارۇشينىڭ ئوزاقعا سوزلاچاعى آلدان ئوق كورنب تۇرا. آلارنىڭ آلعان مەوزوع هەم كوزەتـكەن مەقسودلارينىڭ باشقا بولوچيلعى ئەنـگيلس بلەن ماركس آراسندا بر برسينە قارشيلق باركبك كورسەتە. ئەنـگيلس دەولەت حاقنداعى ئرملارنىڭ (لاسساليچيلاردا آلارنىڭ كوبسن تانيلار ئيدى) تۇبسزلـگن بيبيلگە آچق ئيتب كيسب كورسەترگە تلى. ماركس ئيسە، بو مەسئەلەگە بولايعنا قاعلب كيتە. چۇنـكى آنى ئيكنچى مەوزوع: كاممونيزم جەمعيەتينىڭ ئوسوشى قزقسندرا.

ماركس نەزەرييەسى — ئوسش نەزەرييەسن (آنىڭ تەرتيبليرەك، توليراق، اويلانعانراق هەم مۇندريجە جەهەتندەن بايراق بولعان فورماسن) حەزرگى زامان كاپيتاليزمينا قوللانودر. شونلقدان ماركس آلدينا بو نەزەرييەنى كاپيتاليزمنىڭ كيلەچەكدەگى هەلاكەتيندە هەم تۇواچاق كاممونيزمنىڭ كيلەچەكدەگى ئوسشيندە قوللانو مەسئەلەسى تەبيعى رەوشدە كيلب باسدى.

تۇواچاق كاممونيزمنىڭ كيلەچەكدەگى ئوسشى مەسئەلەسن نيندى نەرسەلەرگە تايانب قويارعا مۇمكين؟

آنىڭ كاپيتاليزمدان كيلب چعاچاعينا، تاريحى ياقدان آنىڭ كاپيتاليزمدان باشلاب ئوسەچەگينە هەم آنىڭ كاپيتاليزم تارافندان تودرلعان — ئيجتيماعى كوچ نەتيجەسى بولووينا تايانب قويارعا بولا. ماركسدا اوتوپييە (حييال) آرتندان اوتۇررعا، بلنووى مۇمكين بولماعان نەرسەنى بلرگە آزابلانرعا

آزعنادا تلەك يوق، ماركس كامموينزم مەسەلەسن تەبيعيەت عاليمينك بيئولو گييەدەگى تۇرلى كورنشلەر ئوسشن ئويرەنووى كبك ئيتب تيكشرە. چۇنكى اول كورنشلەرنك نيچك بارلقعا كيلولەرن هەم بيلگيلى بر ياققا تابا ئوزگەرولەرن بلگەندەن سۇك، مەسئەلەنى باشقاچا قويارعا مۇمكين توگل.

دەولەت بلەن جەمعيەتنك باعلانشى مەسئەلەسندە گوتا پروگرامماسى تارافندان كرتلگەن بوتاليچقلقنى ماركس ئيك ئلك سەروب توگە.

«... حەزرگى جەمعيەت — دى ماركس — كاپيتاليزم جەمعيەتى ديب آتالا. بو جەمعيەت اورتا عەسر قالدقلارندان آزمى، كوبمى آرنعان، هەر بر مەملەكەتنك تاريحى ئوسشندەگى باشقالقلارعا قاراب، آزمى، كوبمى ئوزگەرگەن، آزمى، كوبمى تەرەققى ئيتكەن رەوشدە هەر بر مەدەنييەتلى مەملەكەتدە يەشى. مۇنك كيرسنچە «حەزرگى زامان دەولەتى» هەر بر مەملەكەتنك چيگينە قاراب ئوزگەرە. اول دەولەت شۋيتسارييەگە قاراعاندا، گيرمانييە — پروسييە ئيمپيرييەسندە بۇتنلەى باشقا تۇرلى بولسا، قوشما آميريكا اشتاتلارينا قاراعاندا، آنگلييەدە تاعيدا باشقاراق تۇرلى. شوڭا كورەدە، «حەزرگى زامان دەولەتى» فيكسييە (اويدرما) گنە بولا.

شولاى بولسادا، مەدەنييەتلى مەملەكەتلەردەگى دەولەتلەرنك تۇرلى تۇرلى بولولارينا قاراماسدان، كاپيتاليزمچە آزمى، كوبمى ئوسكەن حەزرگى زامان بورژووا — جەمعيەتى توپراعندا تورولارى ياعندان بر برسينە اوحشيلار. شونك ئوچندە آلار آراسندا قايبر اورتاق بولعان سيفاتلاردا بار. مۇنە شوشى مەعنەدە «حەزرگى زامان دەولەتچيلگى» توروندا سۇيلەرگە بولا. چۇنكى اول حەزرگى ئيگەرى بولعان بورژووا جەمعيەتى ئولگەچ بولاچاق دەولەتنك كيريسى.

آندان سوڭ مەسەلە شولاى قويلا: كامموينزم جەمعيەتندە دەولەتچيلك نيندى ئوزگەرشلەرگە ئوچرار؟ ئيكنچى سوز بلەن

ئەيتـكەندە: اول واقتدا حەزرگی دەولەت ئشلەرینە اوخشاعان نەندی ئيجتيماعی ئشلەر قالۇر؟ بو سۇآلـگە جەوابنی فەنی رەوشدەگنە بيرب بولا هەم «حالق» سوزن «دەولەت» سوزی بلەن نيچكـكنە ئيتب قوشقالاب قاراساڭدا، مەسئەلەنڭ چيشلووينە اول ئەزگنەدە ياردەم ئيتمی» ......

«حالق دەولەتی» توررنداعی سويلەنولەردەن شوشی رەوشدە كولگەچ، ماركس مەسئەلەنڭ قويلشی نيچكلكنی كورسەتە هەم فەنی جەواب ئۇچن نق بيلگيلەنگەن فەنی دەليللەرگنە كيتررگە كيرەك ديب، آلدان كيكەش بيرگەندەی بولا.

